تۇرسۇنمەھەممەت پەخىردىن

# بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن

# بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى

(بالىلار ھېكايىلىرى)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: زۇلپىقار يۈسۈپ

# بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى

(بالىلار ھېكايىلىرى)

ئاپتورى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.5
2006 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 3 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5617—2
سانى: 6001—7400
باھاسى: 8.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئۇۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# نەشرىياتتىن

سۆيۈملۈك ئۆسمۈر ـ بالىلار!

قولۇڭلاردىكى بۇ توپلامغا ئاتاقلىق بالىلار يازغۇچىسى تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن تاغاڭلارنىڭ سىلەرگە بېغىشلىغان كۆڭۈللۈك ھېكايىلىرى جەملەنگەن.

تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچى ۋە ئاساسچى ئەدىبلىرىدىن بولۇپ، ياش ـ قىران مەزگىللىرىدىن تارتىپ، تاكى چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغىچە بالىلار ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىشنى ھېچقاچان توختىتىپ قويمىغان بالىلارنىڭ غەمگۇزارى. ئۇ بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يېزىۋاتقان ئەينى چاغلاردا، بالىلار يازغۇچى، شائىرلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە زور بىر تۈركۈم بالىلار ئەدىبلىرى ۋە بالىلار ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئۇنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ زور بولدى. شۇڭا، تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن تاغاڭلارنى بۈگۈنكى بالىلار ئەدىبلىرىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى» ناملىق بۇ ھېكايىلەر توپلىمىدا بالىلار ھاياتىدىكى خىلمۇخىل ئىش ـ ۋەقەلەر بالىلار تىلى ۋە بالىلارنىڭ كۆزى بىلەن يارقىن يورۇتۇلغان بولۇپ، بۇ ھېكايىلەر سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى خۇش قىلىپ، ئىرادەڭلارنى تاۋلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن تاغىلارنىڭ «قىزىل گالستۇك»، «ئىناق دوستلار»، «سالام، بالىلار»، «مەن سۇ ئىچكەن بۇلاقلار» ناملىق بالىلار كىتابلىرىغا ئوخشاشلا مەزكۇر توپلىمىمۇ بالىلارنىڭ ۋە ئاتا - ئانا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولغۇسى.

# مۇندەرىجە


بوتكا ئالدىدا ........................................ 1
ئەمدى سىنى نىمە دەيمىز ................................ 5
مىنىڭ ئاكام ........................................ 12
ئەخمەتجان قاسىمى بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەن ............ 19
قاسىمكامنىڭ مىجەزى .................................. 28
كۆڭۈل ............................................... 33
رۇستەم ............................................... 40
سۆيۈملۈك ئۇستاز .................................... 46
ساۋاق ................................................ 54
بىزنىڭ كوچىنىڭ باللىرى ................................ 60
پەشمەت ............................................. 68
تەلپۈنۈش ........................................... 75
قىزىق ئىش ........................................... 91
ئىناق ئاكا - ئۇكىلار ................................... 96
كىنو بىلىتى ........................................ 100
يېڭى ھىكايە ......................................... 105
كىچىك مۇخبىر ....................................... 110
خەتەردىن قۇتۇلۇش ................................... 123
كۆڭۈللۈك دەملەر .................................... 130

توقفۇز كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بوتكا ئالدىدا

دەل - دەرەخلىك كوچىمىزنىڭ دوقمۇشىغا ئورنىتىلغان يېڭى بوتكىغا كىشىلەر پات - پات كېلىپ تۇراتتى. بۇ بوتكىنى ئەتراپتىكىلەر «تۆمۈر دۇكان» دەپ ئاتىشىۋالغان. ئۇنىڭدا تۇر- مۇش بۇيۇملىرى — چاي، تۇز، قەنت - گېزەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەر بار ئىدى. شۇڭا، بۇ دۇكانغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى كەلگەن خېرىدارلارنىڭ كۆپى قۇرۇق قايتمايتتى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، كۈن ئۇپۇققا باش قويغان. ئىككى ياش يىگىت بۇ يەرگە ئالدىراش كەلدى - دە، بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى سېتىۋېلىپ، بوتكا يېنىدىكى يوغان تېرەك تۈۋىدە ئولتۇ- رۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرگە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن ياشىنىپ قالغان بىر ئايال، ئارقىدىنلا ئون ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالا كەلدى. ئۇلار بوتكىنىڭ پوكىيى ئالدىدا تۇرۇپ، تەكچىلەرگە تىزىلغان ھەر خىل بۇيۇملارغا كۆز يۈگۈر- تۈشكە باشلىدى. ياشانغان ئايال بوتكا ئىچىدە ئولتۇرغان مال ساتقۇچىغا قاراپ:

— قىزىم، ئاۋۇ سوپۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىڭا، — دېدى تەكچىگە تىزىپ قويۇلغان ئەتىر سوپۇنلاردىن بىرىنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

مال ساتقۇچى قىز ياشانغان ئايال كۆرسەتكەن سوپۇننى ئې- لىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ياشانغان ئايال سوپۇننى قولىغا ئېلىپ پۇراپ باقتى. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى كىچىك بالىمۇ مال ساتقۇچى قىزغا قاراپ دېدى:

— ھەدە، يوللۇق دەپتەر بارمۇ؟
— بار.
— ماڭا ئىككىنى بېرىڭا، — دېدى بالا يوغان، قاپقارا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

مال ساتقۇچى قىز يوللۇق دەپتەردىن ئىككىنى ئالدى ـ دە، بالىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ باھاسىنى ئېيتتى. بالا يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ساناشقا باشلىدى. ياشانغان ئايال چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ قاراپ تۇرغان مال ساتقۇچى قىزدىن سورىدى:

— بۇ سوپۇنىڭىز قانچە، قىزىم؟
— ئەللىك ئىككى تىيىن.

ئايال چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قولىنى چىقاردى ـ دە، تۇرۇپ قالدى، ئاندىن قولىنى يەنە يانچۇقلىرىغا سېلىپ باقتى. ئۇ گويا بىرەر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك ئوڭايسىزلىنىپ، مال ساتقۇچى قىزغا قارىدى:

— قىزىم، پۇلۇم يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. يېنىمدا ئاران ئەللىك تىيىن بار ئىكەن. بۇ سوپۇننى ئۆيدىن پۇل ئەكېلىپ ئاندىن ئەكېتەي. سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئايال پوكەي ئۈستىدە تۇرغان سوپۇننى مال ساتقۇچى قىزنىڭ قولىغا بېرىۋېتىپ.

دەل شۇ چاغدا بىر بوتۇلكىنى بوشىتىپ بولغان ھېلىقى ئىككى يىگىتنىڭ بىرى پوكەي ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ گەپنى بۆلدى:

— ئۇكاموي، ئىككى تىيىننىڭ سودىسىنى كېيىن قىلىپ، ئاۋۇ ئۈزۈم ھارىقىڭىزدىن يەنە بىر بوتۇلكا بېرىڭا، — دېدى قولىدىكى ئىككى سوملۇق پۇلنى مال ساتقۇچى قىزنىڭ ئالدىغا تاشلاپ. مال ساتقۇچى قىز ھاراق سېتىش، پارچە پۇل قايتۇرۇش بىلەن بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا ھېلىقى كىچىك بالا ياشانغان ئايالنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ:

— موما، مەسىلە ئىككى تىيىن، سوپۇننى ئېلىۋالسى-لا، — دېدى قولىدىكى پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ.

هاراق ئېلىۋاتقان يىگىت دەرهال يېرىم بۇرۇلدى - دە، بالىغا قاراپ گۈلىيىپ:

— هەي هارىمى، مەستلەر ئىككى تىيىن دەيسەنا، كىم مەستكەن. كۆزۈڭگە قاراپ سۆزلە جۇمۇ؟ — دېدى هاراق بوتۇل-كىسى بار ئوڭ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

— ۋۇي بالام، نېمانچە قايىنايسەن، ساڭا كىم گەپ قىلدى، — ئەجەبلەنگەن ئايال ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ياش يىگىتكە تىكىپ تۇرۇپ سۆز ئاچتى، — بۇ بالا ماڭا گەپ قىلىۋاتىدۇ، سوپۇن ئېلىشقا پۇلۇم كېمىيىپ قالغانىدى، پۇل بېرىپ تۇراي دەۋاتىدۇ...

— شۇنداقمۇ، باي ئوخشىمامدۇ بۇ؟ ئىككى تىيىن بەرگەن بولسا ئېلىپ قويسىلا، موماي. دۇئا قىلىپ قويالا؟! — يىگىت شۇنداق دېدى - دە، تېرەك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان ئۈلپىتىنىڭ قېشىغا قاراپ ئالچاڭلاپ مېڭىپ كەتتى.

بالىمۇ، مال ساتقۇچى قىزمۇ بۇ كۆرەك يىگىتكە ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى. ياشانغان ئايالمۇ ئۇنىڭ گېپىدىن يىرگەندى بول-غاي، ياقىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى ئىككى ياققا ئىرغىتىپ قويدى. بالا ياشانغان ئايالغا سەممىي هالدا پۇلنى سۇنۇپ:

— مەسىلە، موما، سوپۇننى ئېلىۋالسىلا، — دېدى بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ.

ياشانغان ئايال بالا بەرگەن ئىككى تىيىن پۇلنى مىننەتدار-لىق بىلەن ئېلىپ يېنىدىكى پۇلغا قوشتى - دە، ئۇنى مال ساتقۇچى قىزغا ئۇزاتتى.

— رەهمەت، ئوغلۇم، — دېدى ياشانغان ئايال مال ساتقۇچى قىزدىن سوپۇننى ئېلىپ بولۇپ، — يۈرگىن، ئۆيدىن پۇلۇڭنى ئېلىپ بېرىۋېتەي. ئۆيىمىز بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بولدى، موما، ئاۋارە بولمىسىلا، ئىككى تىيىن دېگەن نەدە قويسا نەدە يوق، ھاجەتلىرىڭدىن چىققان بولسام خوشالمەن، — دېدى بالا ئۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئېلىپ.

مال ساتقۇچى قىز بىلەن ياشانغان ئايال ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ئەقلى چوڭ بۇ بالىنىڭ ئارقىسىدىن سۆيۈنۈپ قاراپ قالدى.



# ئەمدى سىنى نىمە دەيمىز

ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرى. سەھەردە ياغقان يامغۇر توپا - چاڭلارنى بېسىپ، ھاۋانى سالقىنلاشتۇرۇپ قويغان. كۆپكۆك ئاسماندىكى پارچە - پۇرات بۇلۇتلار ئاستا شەرققە سۇرۇلەتتى. تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى يىللىق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش...

رىشات مەكتەپتىن كېلىپ، ئۆيدىكى ئىشلىرىنى پۈت- تۈردى - دە، بۇگۈن تەييارلايدىغان دەرسلىك كىتابىنى ئېلىپ، ئىليارلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ يېرىم يولغا بارغاندا يان كوچى- دىن ساۋاقدىشى ئەنۋەر چىقىپ كەلدى. ئۇلار بىللە پاراڭلاشقاچ مېڭىپ، ئىليارلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

— ئىليار!...

ئىليار ساۋاقداشلىرىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇ دوستلىرىنى باغقا باشلىدى. ئىليار- لارنىڭ بېغى جىمجىت ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى. لەرزان شامال باغدى- كى گۈللەرنىڭ پۇراقلىرىنى ئەتراپقا چاچاتتى. مەي باغلاپ پىش- قان ئۈرۈكلەرنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. شاخلىرى- نى كۆتۈرەلمەي قالغان ئالمىلار «مانا مەن» دېگەندەك يوپۇرماق- لارنىڭ ئارىسىدىن مارىشىپ قارايتتى. يېقىنلا يەردىن كاككۇك- نىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ئىليار دوستلىرىنى ئېرىق بويىدىكى چىملىق ئۈستىدە ئول- تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى ئۆيگە كىرىپ لېگەن ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقتى ـ دە، ئۆرۈك شېخىدىن بىرىنى قاقتى، ئاندىن يەرگە چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى لېگەنگە تېرىپ سالدى. دوستلار ئۆرۈك يېگەچ پاراڭلىشىپ مۇختەرنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

— مۇختەر كەلگىچە بىز تەكرارىمىزنى باشلاۋەرمەيمىزمۇ، ۋاقىت بىكار ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى رىشات قولياغلىقى بىلەن قوللىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەنۋەرمۇ رىشاتنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ.

ئۇلار تىل ـ ئەدەبىياتتىن چىقىرىپ بېرىلگەن سوئاللارنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. مۇزاكىرە كۈن پاتقۇچە داۋام قىلىدى. ئۇلار تىل ـ ئەدەبىيات سوئاللىرىنىڭ تەخدىن تولىسىنى پىششىقلاپ تارقىلىشتى.

* *

بۈگۈنمۇ هاۋا ئوچۇق، مەكتەپ ئىچى جىمجىت. باللار ئۆز سىنىپلىرىدا. تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ياسىن مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلىماقتا. مۇئەللىم دەرس ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا «ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىمتىهانغا پۇختا تەييارلىنىشنى، دەرسلەرنى بىرلىشىپ مۇزاكىرە قىلىسا ئۇنۇمى زور بولىدىغانلىقىنى» جېكىلەپ قويۇپ سىنىپتىن چىقتى. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلارمۇ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. مۇختەر دەرهال رىشاتلارغا يېتىشىپ كېلىپ سورىدى:

— بۈگۈن دەرسنى نەدە تەييارلايمىز؟

— يەنە ئىلىيارلارنىڭكىدە، — جاۋاب بەردى رىشات سالماقلىق بىلەن، — تۈنۈگۈن شۇنچە كۈتسەك كەلمىدىڭ، بۈگۈنمۇ كېلەلمەسسەنمىكىن؟!

— نېمىشقا كېلەلمەيدىكەنمەن؟ تۈنۈگۈن ئاپام ئىشقا بۇيرۇ-

غاندى، كىچىكىپ قېلىپ كېلەلمىدىم. بۈگۈن چوقۇم كېلد-
مەن، كېلەلمىسەم مېنى يالغانچىكەن دەيلار، — ۋەدە بەردى
مۇختەر.

— ئۇنداق بولسا گېپىمىز گەپ. ئۆيلىرىمىزگە بېرىپ،
ئىشلىرىمىزنى تۈگىتىپ بولۇپلا يەنە ئىلىيارلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلد-
مىز - ھە! — دېدى ئەنۋەر رىشاتنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ.
— چوقۇم! — دېدى مۇختەر ساۋاقداشلىرىغا قاراپ.

* *

مۇختەر ئۆيگە كېلىپ تاماقنى يەپ تۇرۇشىغا قوشنا قورۇ-
دىكى دوستى ھەيدەر كىرىپ كەلدى. مۇختەر دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ، دوستىنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى:
— كەل، ھەيدەر، ئولتۇر! تاماق ئەكىرەي؟
— ياق، مەنمۇ يېڭىلا تامىقىمنى يەپ چىقتىم. بۈگۈن
تەنتەربىيە مەيداندا پۇتبول مۇسابىقىسى بار ئىكەن، بارامسەن؟
مەندە بېلەت بار، بىللە بارايلى.

ھەيدەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا
ئوقۇيتتى. ئۇ بوش چاغلىرىدا مۇختەر بىلەن بىللە ئوينايتتى.
شۇڭا ھەيدەر چۈشتە ئاكىسى بەرگەن ئىككى بېلەتنى ئېلىپ
مۇختەرنى ئىزدەپ كىرىشى ئىدى.

مۇختەر ھەيدەرنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پۇتبول مەيداندىكى مۇسابىقىنىڭ جىددىي،
قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلىرى كېلىشكە باشلىدى، قۇلاق تۈۋىدە بول-
سا قىيقاس - چۇقان، چاۋاكلار ياڭراۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— بوپتۇ، باراي، دەرسىمنى كېلىپ ئوقۇۋالارمەن، —
دېدى مۇختەر ئۈستەل ئۈستىدىكى قاچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا
باشلاپ.

— ئەمىسە تېزرەك ماڭايلى، مۇسابىقە باشلىنىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى ھەيدەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ، ئۇچقاندەك مېڭىپ، تەنتەربىيە مەيدا- نىغا باردى. مەيدان بالىلار بىلەن لىق تولغان. ئانچە ئۆتمەي قىزغىن ئالقىشلار ئىچىدە مۇسابىقە باشلاندى. مۇسابىقىگە شە- ھەرلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسى بىلەن شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى پۇتبول كوماندىسى چۈشكەنىدى. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا مۇختەر بىلەن ھەيدەر بۈ- گۈنكى مۇسابىقىنىڭ قىزىقارلىق بولغانلىقىنى، شەھەرلىك تەن- تەربىيە كومىتېتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى پۇتبول كوماندىسىنىڭ ياخشى ئوينىغانلىقىنى بەس - بەس بىلەن سۆزلىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئۆيگە قايتقاندا كۈن ئۇپۇققا باش قويغانىدى.

مۇختەر ئۆيگە كىرىپ كەچلىك چېيىنى ئالدىراپ ئىچتى - دە، قوزۇقتىن سومكىسىنى ئېلىپ دەرس تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ تىل - ئەدەبىيات دەرسى- دىن چىقىرىپ بېرىلگەن سوئاللارنىڭ ئاران يېرىمىغا جاۋاب ھا- زىرلىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلى- دى. ئاپىسى تېلېۋىزورنى كۆرۈپ بولۇپ، مۇختەرنىڭ ئورنىنى سالدى - دە، ئۇنى يېتىشقا دەۋەت قىلىپ قويۇپ ئۆزى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مۇختەر ئاپىسىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالماي يەنە ئولتۇرۇپ باقتى، بولمىدى. كۆزلىرى ھەدەپ ئۇيقۇغا كەت- مەكتە. بىردىنلا ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بەردى: «بوپتۇ ئۇخلاي، قالغان سوئاللارغا ئەتىگەن تۇرۇپ جاۋاب تەييارلىمايمەنمۇ؟» ئۇ شۇنداق ئويلاپ قوڭغۇراقلىق ئۈستەل سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسى- نى ئەتىگەن سائەت بەشكە توغرىلاپ قويدى - دە، ئورنىغا كىرىپ ياتتى...

كۈن دەرەخ بويى ئۆرلىگەن، مۇختەر تېخى ئۇيقۇدا. ئاپىسى ئۇنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتىنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى

ئەسلەپ، ئۆيگە ئاستا كىردى - دە، مۇختەرنى ئويغاتتى:
— ئوغلۇم، تۇر! مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتىڭ بولدى؟
مۇختەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، ئۇستەل سائىد-
تىگە قارىدى - دە، غودۇڭشىدى:
— سائەتنى بەشكە توغرىلاپ قويغانىدىم، يەتتە بولۇپ كې-
تىپتۇغۇ! بۇرۇنراق ئويغىتىپ قويساڭ بولمامدۇ؟
— كەچ ياتقاندىن كېيىن ئۇخلىۋالسۇن دەپتىمەن، بالام.
دەرھال چېيىڭنى ئىچىپ ماڭغىن، كېچىكىپ قالماسسەن؟ —
دېدى ئاپىسى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ.
«كېچىكىپ قالماسمەنمىش؟ مەن نېمە ئويدا، بۇ ئاپام نېمە
كويدا. سائەت جىرىڭلىسىمۇ ئويغىتىپ قويمىغىنىنى!...» مۇخ-
تەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئىمتىھانغا تەييارلىنىپ ئولتۇرغان دوستلى-
رى كەلدى. ئۇ كىيىمنى ئالدىراپ كىيىشكە باشلىدى. «رىشات-
لار دەرسنى تازا تەييارلىۋالغاندۇ؟ مەنچۇ؟! ئالدىنقى كۈنى يېڭى
كىنونى كۆرۈۋالاي دەپ ئۇلار بىلەن مۇزاكىرىدە بىللە بولالمى-
دىم. تۈنۈگۈن پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرىمەن دەپ مۇزاكىرىگە
بارالمىدىم. بۈگۈن ئەمدى ئىمتىھان. قانداق قىلسام بولار؟
بوپتۇ، تەلىيىم بولسا سوئالنىڭ ئاسانراقى چىقىپ قالار...» دەپ
ئويلىدى كۆڭلىدە مۇختەر. ئۇ دەرھال ئاشخانا ئۆيگە كىردى.
يۈز - قولىنى يۇيۇپ، ناندىن ئۇشتۇپ بىر پارچىنى ئالدى،
ئاندىن مۇرىسىگە سومكىسىنى ئېسىپ، ئاپىسى تەييارلاپ قويغان
چايغىمۇ قارىماي مەكتەپكە ماڭدى.

* *

سىنىپ ئىچى جىمجىت، پەقەت قەغەزلەرنىڭ شىلدىرلىشى،
مۇئەللىمنىڭ ئۇياق - بۇياققا ماڭغان چاغدىكى ئاياغ تىۋىشىلا
سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان سوئاللىرىغا

جاۋاب يازماقتا. جاۋاب يېزىپ بولغانلار ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ سىرتقا ماڭماقتا. مۇختەر ئالدىدىكى قەغەزگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى، بەزىدە ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ نېمىلەرنىدۇ يازاتتى... ئەنە رىشات، ئېلىيارلارمۇ قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىمتىھاندىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىندى. مۇختەر نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئالدىدىكى قەغەزنى يىغىشتۇرۇپ دوسكا ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ سىنىپتىن چىقىۋاتقاندا پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك بىلىندى. كارىدورغا چىققاندا ئۇنى بۇ يەردە پاراڭلىشىپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىدىن بىرى چاقىرىپ قالدى، ئۇ ئەنۋەر ئىدى. مۇختەر ئالدىرىماي ئەنۋەرلەرنىڭ قېشىغا باردى.

— قانداق جاۋاب بەردىڭ؟ — سورىدى ئەنۋەر، — بېشىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟

— ...

— گەپ قىلغىن، جاۋاب يازالمىدىڭمۇ - يا؟

— جاۋاب يېزىشىنىغۇ يازدىم...، — مۇختەر كېكىردىكىگە بىرنەرسە تۇرۇلۇۋالغاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

— جاۋاب يازغان بولساڭ بولدىغۇ، نېمىشقا روھىڭنى چۈشۈرىسەن؟

— يازغانلىرىم قانداق بولدىكىن؟ نەچچە كۈندىن بېرى سىدىلەر بىللە دەرس تەييارلىغان بولسام بوپتىكەن، — ئۇ ئۆزلىرىنى يېنىك ۋە خۇشال سېزىپ تۇرغان دوستلىرىغا خورسىنىپ قاراپ قويدى.

— شۇنداق قىلغان بولساڭ ياخشى بولاتتى. بىراق، گېپىڭدە تۇرمىدىڭ. ئەمدى سېنى نېمە دەيمىز؟! — دېدى توپ ئارىسىدىن رىشات مۇختەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

مۇختەر رىشاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي

قالدى، چۈنكى رىشاتنىڭ سوئالى مۇختەرگە ئالدىنقى كۈنى بەر-
گەن ۋەدىسىنى ئەسلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ۋىلىلداپ قىزارغان
يۈزلىرى نومۇستىن ئۆرتەنگەندەك بولدى... بىرھازادىن كېيىن:
— نېمە دېسەڭلار دەڭلار، بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى. ئەمدى
سىلەردىن سەۋەبسىز ئايرىلىپ قالمايمەن، — دېدى مۇختەر بېشى-
نى يەردىن كۆتۈرۈپ.
ساۋاقداشلىرى ئۇنى يەنە ئارىغا ئېلىپ ئۆيلىرىگە بىللە
قايتىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ ئاكام

ئەنۋەر مەكتەپتىن كېلىپ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئېغىر سومـ
كىسىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ سۇ
تۇرۇبىسىنىڭ جۈمىكى ئالدىغا باردى. قازان بېشىدا نەرسە ـ
كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئانىسى ئوغلىنى كۆرۈپ:

— كەلدىڭمۇ «ناي ـ ناي»، چاي قىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى
ئىختىيارسىز ئامراقلىقى كېلىپ.

— ياق، تالاغا چىقىمەن، ئازراق ئويناپ كىرىپ ئاندىن
دەرسىمنى ئوقۇيمەن، — دېدى ئەنۋەر جۈمەكتىن سۇ ئىچىپ
بولۇپ.

— قورسىقىڭ ئېچىپ قالغاندۇ، ئوغلۇم؟ چوڭ كورىدا
يۇمشاق نان بار، ئېلىۋالغىن.

ئەنۋەر ناندىن بىر پارچە ئۇشتۇدى ـ دە، يانچۇقىغا سېلىۋېـ
تىپ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— راست، ئاپا، ئەتە مەكتەپتە ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى بولىدىـ
كەن، — دېدى نان سالماقچى بولغان يانچۇقىدىن بىر باغاقچىنى
چىقىرىپ، — سەن بارامسەن، دادامۇ؟

— مەن باراي، ئوغلۇم، داداڭنىڭ ئىشى بەك ئالدىراش
ئوخشايدۇ، چۈشتىمۇ كەلمەي، كەچتە بىراق كېلىۋاتىدۇ.

ئەنۋەر ئۈنچىقماي، قولىدىكى ناننى چىشلىگىنىچە تالاغا
چىقىپ كەتتى.

سىنىپ ئىچى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن تولغان. ئۇلار يېنىدىكـ

لىرى بىلەن ئۆزئارا ئەھۋاللىشاتتى. بەزىلىرى بۈگۈنكى يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن قارا دوسكىغا يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇلغان چاقىرىقلارغا ۋە تاملاردىكى جەدۋەللەرگە كۆز يۈگۈرتەتتى. سىنىپ مۇدىرى زۆھرە ئالتىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسى يېزىلغان كۆرسەتكۈچلەرنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئامىنە ئوغلى ئەنۋەرنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى كۆرۈۋېتىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپقىمۇ قارىمايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پەقەت كۆرسەتكۈچكىلا قادىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ھېسابتىن ئالغان «54» نومۇرىغا قاراپ، بوغۇزىغا نېمىدۇر كەپلەشكەندەك كۆڭلىدىن ھەر خىل خىياللار كەچتى: «ئەنۋەر ھېسابتا ياخشى ئىدى. نېمىشقا بۇ قېتىم ھېسابتىن ئۆتەلمىگەندۇ؟ يا نومۇر خاتا قويۇلۇپ قالغانمىدۇ؟...» مۇئەللىمنىڭ تەمكىن، جاراڭلىق ئاۋازى ئامىنەنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ زۆھرە مۇئەللىمنىڭ بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇشتىن چىقارغان خۇلاسىسىگە، بولۇپمۇ ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇرلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىش توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىگە قۇلاق سالدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيگە قايتقاندا دەرس تەييارلاش، تاپشۇرۇق ئىشلەشلىرىگە بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەي، باللىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇئەللىمنىڭ تەھلىللىرى ئامىنەنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى، گويا بۇ گەپ ئۆزى ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزۈنىڭچە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى...

يىغىنغا كەلگەنلەر تارقىلىشقا باشلىدى. ئامىنە ئېغىر يۈك كۆتۈرۈۋالغاندەك ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ سىنىپتىن چىقتى. زۆھرە مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئۆيگە كەلگۈچە ئامىنەنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىدى. ئۇ ھەر خىل ئويلارنى ئويلاپ ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىۋىدى، ئۆيدە چوڭ ئوغلى ئەكبەر دەرسنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇكاڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى ئامىنە.

— تاڭ، مەن مەكتەپتىن كەلسەم سومكىسى تۇرىدۇ، ئۆزى يوق. ئويناپ يۈرەمدىكىن؟ — دېدى ئەكبەر.

— سەنچۇ، دەرسىڭنى ئوقۇۋاتامسەن؟ ئۇكاڭمۇ دەرسىنى ئوقۇسا بولمامدۇ؟

— ئوقۇمىسا.

— ئوقۇمىسا دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئاكىسى بولغاندىن كېيىن تېپىپ كىرىپ ئوقۇتمامسەن؟!

— ...

ئامىنە گەپ قىلماي كىتابقا تىكىلىپ ئولتۇرغان ئەكبەرگە قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇنچىقمايسەنغۇ؟ مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. سەن دېگەن چوڭ، ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ تېپىپ قىلالايسەن. ئۇكاڭ تېخى كىچىك. مەن يوق چاغلاردا سەنمۇ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قوي...

— بىر گەپ بولسا كىچىك، كىچىك دەپ ئۆزۈڭ ئارىغا كىرىۋالىسەن، — دېدى ئەكبەر ئاپىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — كىچىك بولغاندىن كېيىن گېپىمىزنى ئاڭلىسۇن! ئۇنى كىچىك دەپ دېگىنىنى قىلىپ بېرىۋەرمە!

— ۋۇي، بالام، قايناپلا كەتتىڭغۇ، سەن دېگەن ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى، ئۇچتە ياخشىلىقىڭنى ئۆيدىمۇ كۆرسەت! ئۇ-كاڭغىمۇ ياردەم قىل! — دېدى ئامىنە.

— بىلمىگىنىنى سورىمىسا! سورىسا دەپ بەرمەيمەنمۇ؟

— ئۇ سورىمىسا سەن سورا! دەرسىڭنى ئوقۇ، دە!

— نەچچە قېتىم ئەنۋەرگە دەرسىڭنى ئوقۇ دېسەم، سەن ئارىلىشىپ: «ھېرىپ كەتتى، ئەتە قوپۇپ ئوقۇسۇن» دەپ بەر-دىڭغۇ؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ؟! — قىزىشتى ئامىنە ئوغلى ئەكبەرگە

ھۇرپىيىپ، — ئوقۇتمىساڭ ئوقۇتمىغىنا، نېمە بولسا شۇ بولار...

شۇ چاغدا ئۆيگە ئەنۋەر كىردى. ئۇنىڭ پېشانە ۋە چېكىلىرىدە تەر مونچاقلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. كىيىمىنىڭ تىزى ۋە پۇچقاقلىرى توپا، يېڭى كىيگەن ئاق چۇخىيى كىردىن قارىداغان. ئۇ ئاپىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ جىمىدە سومكىسىنى ئالدى، ئاندىن ئۇستەلگە كېلىپ ئەكبەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئالدىغا دەپتەرلىرىنى قويۇۋېتىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاپىسىغا قاراپ قويدى.

— ئويناپ ئەمدى كىردىڭمۇ، — دېدى ئاپىسى ئەنۋەرگە قاراپ، — ماڭ، يۈز ـ قولۇڭنى يۇيۇۋېلىپ ئاندىن ئوقۇ! بىلمىگەنلىرىڭ بولسا ئاكاڭدىن سورا!

ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى، يۈزلىرىنى يۇيۇپ كىرىپ بايىقى ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ كىتاب ـ دەپتىرىنى ئالدىغا تىزىپ قويۇۋېتىپ ئىچكەركى ئۆيگە ۋە يېنىدىكى ئاكىسىغا قاراپ قوياتتى.

— دەرسىڭنى ئوقۇمامسەن؟ — دېدى ئەكبەر ئەنۋەرگە قاراپ، — ئۆياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرسەنغۇ؟ سېنى دەپ مەنمۇ ئاپامدىن بىرمۇنچە گەپ ئىشىتتىم.

— مەن نېمە قىلىپتىمەن؟ — دېدى ئەنۋەر ئاكىسىغا ئۇمچەيگەن ھالدا قاراپ.

— نېمە قىلغىنىڭنى ئۇقمايۋاتامسەن؟ ھېسابتىن «54» نومۇر ئاپسەن!

ئەنۋەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي دەپتىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى، يۈزلىرى تاتارغانىدى، يەرنىڭ ئاستىدىن يەنە ئاكىسىغا قاراپ قويدى.

— ماڭا قارايسەنغۇ، ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇقۇڭ بارمۇ، يوق؟ — دېدى ئەكبەر ئۇكىسىغا.

www.uyghurkitap.com

— بار، — ئەنۋەر ئالدىغا قويۇۋالغان خەنزۇچە كىتابنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — مۇئەللىم مۇنۇ كىتابتىن بىر بەتنى كۆچۈ-رۈپ كېلىڭلار، دېگەن. كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېساب تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەيمەن...

ئەنۋەر بىرھازاغىچە كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. كې-يىن ئۇ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئاكىسىغا قاراپ دېدى:

— خەنزۇچىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم، ئەمدى ھېساب تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەيمەن.

ئەكبەر ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا قويۇۋالغان ھېساب كىتابنى ئالدى - دە، ئۇنىڭ بۈگۈن ئىشلىمەكچى بولغان تاپشۇرۇقنى كۆرۈپ چىقىپ سورىدى:

— بۇ كەسىر ئىپادىلىرىنى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئىكەن، ئىشلىيەلەمسەن؟

ئەنۋەر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىشلەشكە باشلىدى، بىر-دىنلا قولى يېزىشتىن توختاپ، قەلەم سېپىنى كالپۇكىغا تىرەپ خىيال سۈردى. بۇنى كۆرگەن ئاكىسى يەنە سورىدى:

— ئولتۇرۇپ كەتتىڭغۇ، ئىشلىيەلمەيۋاتامسەن؟

— ...

ئەكبەر ئۇكىسىغا كەسىر ئىپادىلىرىنى دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى مىسال كۆرسىتىپ چۈشەندۈردى. تەكرار كەچ سائەت توققۇزغىچە داۋام قىلدى. بۈگۈن تېلېۋىزور كۆرىدىغان ئادەممۇ بولمىدى. كۈندە تېلېۋىزورنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان ئەنۋەر پۇ-شۇلداپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى. «ھە - ھۇ» دېگۈچە ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى...

— ئاپا، — دەپ ئۆيگە ئادەتتىكىدىن خۇشال كىرىپ كەلدى ئەنۋەر، — بىزنى بۈگۈن مەكتەپ يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەردى.

كۆرسەتكۈچلىرىمىزنىمۇ تارقىتىپ بەردى. مانا مېنىڭ كۆرسەت-كۈچۈم.

ئەنۋەرنىڭ قىزارغان يۈزلىرىدە كۈلكە ئوينىپ تۇراتتى. ئامىنە دەرھال كەنجى ئوغلىنىڭ قولىدىن كۆرسەتكۈچنى ئالدى. ئۇنىڭ كۆزى ھېسابتىن ئالغان «90» نومۇرغا چۈشكەندە ئىختىيارسىز خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك كۆر-سەتكۈچكە يەنە بىر قاراپ چىقتى. ئەنۋەر باشقا دەرسلەردىنمۇ سەكسەندىن يۇقىرى نومۇر ئالغانىدى. ئامىنە ئەنۋەرنىڭ كۆرسەت-كۈچىگە يېزىلغان سىنىپ مەسئۇلىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوقۇپ ھايا-جانلاندى. ئۇ ئەنۋەرنى يېنىغا تارتىپ:

— ياخشى ئوقۇپسەن، ئوغلۇم. كۆرسەتكۈچىڭنى باشقاراق ئېلىپ قوياي. داداڭ، ئاكاڭ كەلگەندە كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى سۆيۈنۈپ.

ئەنۋەر ئاپىسىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشى-تىپ قويدى ۋە ئاپىسىغا قاراپ دېدى:

— ئاپا، بىزنىڭ مۇئەللىمچۇ، ئاكامنىمۇ ماختىدى. ئاكام يەنە مەكتىپىمىز بويىچە «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بوپتۇ، ئۇ-نىڭ ماڭا ياخشى ياردەم قىلغانلىقىنى مۇئەللىم ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

— شۇنداق، ئوغلۇم. ئاكاڭ ساڭا جىق ياردەم قىلدى، ماڭىمۇ ئۆي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىپ تۇرىدۇ. ئاكاڭ ياخشى-ھە، بالام؟

— ھەئە، ئاكام بەك ياخشى.

— مەنچۇ، مەنمۇ ياخشىمۇ؟

— سەنمۇ ياخشى، — دېدى ئەنۋەر ئاپىسىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، — مېنى باللارنىڭ ئالدىدا ئوغلۇم «ناي - ناي» دەپ ئەركىلەتمە. ئاغىنىلىرىم مېنى زاڭلىق قىلىدىكەن...

ئاپىسى زورىغا كۈلۈپ قويدى. بىراق، يۈزلىرى مۇچ

سەپكەندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى:

— ماقۇل، ئوغلۇم ئەنۋەر. ئەمدى مەن سېنى ئەركىلەتمەي، چوڭ بوپسەن. سەنمۇ ئاكاڭدەك مەكتەپتە ئەلاچى بول!

ئامىنە شۇنداق دېدى - دە، يەنە بىر ياقتىن چوڭ ئوغلى ئەكبەرگە ئۆتكەنكى بىھۇدە قايناشلىرىدىن ئۆكۈندى.



# ئەخمەتجان قاسىمى بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەن

1947 ـ يىل، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ھاۋا ئوچۇق. كۆككە بوي تارتقان باراقسان دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدىن قۇياش نۇرلىرى چۈشۈپ تۇراتتى، چوڭ كوچىدا ماشىنا، ۋېلىسىپىت، خادىك ھارۋىلار ئۈزۈلمەي ئۆتمەكتە. يولنىڭ چەتلىرىدە كېتىۋاتقان ئادەملەر ئالدىراش كۆرۈنەتتى. مەن تونۇگۇن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلىۋالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ئۆزۈمنى يېنىك سېزىپ مەكتەپكە كېتىۋاتاتتىم. كىمدۇر بىرى مېنى چاقىردى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام ساۋاقدىشىم ئەكرەم ئىكەن. ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي جانجان مەكتەپ، ئازادە سىنىپ بىزنى ئۆز قوينىغا ئالدى...

بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈپ تۇرۇشىمىزغا پۇشتەكنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى. پۇشتەك چېلىنسا ھەممىمىز مەيدانغا چىقىپ، سىنىپ بويىچە تىزىلىپ تۇراتتۇق. بۇگۇنمۇ دەرھال مەيدانغا يۈگۈرۈشۈپ باردۇق ـ دە، بويىمىزغا قاراپ سەپ تارتىپ تۇردۇق. ئەتراپى باراقسان دەرەخلەر بىلەن ئورالغان مەكتەپنىڭ كەڭ مەيدانى بىردەمدىلا سەپ تارتىپ تىزىلغان بالىلار بىلەن تولدى. بىزنىڭ بۇ مەكتەپ غۇلجا شەھىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ مەكتەپلەردىن بىرى ئىدى. بىز نېمە ئۈچۈن مۇنداق تۇيۇقسىز يىغىلىپ قالغانلىقىمىزدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. شۇڭا، سېپىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرغان تەرتىپ مۇدىرىمىزنىڭ كۆزىگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتۇق. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي

مەيداننىڭ سۇپىسىدا مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرى ئابدۇسالام ئەپەندى پەيدا بولدى. ئۇ بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، خۇشخۇي ۋە تەمكىن ھالدا سۆز باشلىدى:

— ساۋاقداشلار، خۇش خەۋەر، — مۇدىرنىڭ خۇشال چېھرى گۈلدەك ئېچىلدى. بىزنىڭمۇ قانداق خۇش خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تاقىتىمىز تېشىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدۇق، — بۈگۈن مەكتىپىمىزگە رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم كېلىدىكەن...

گۈلدۈراس ئالقىشلىرىمىزدىن مەيدان زىلزىلىگە كەلدى. ھەممىنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ئەتراپ جانلىنىپ كەتكەندەك كۆتۈرەڭگۈ، قۇشلارمۇ چۇرۇقلىشىپ بېشىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. بىز ئۆزئارا يېنىمىزدىكىلەر بىلەن خۇشال - خۇرام كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈشەتتۇق، پىچىرلىشاتتۇق. بىردىنلا مۇدىرىمىزنىڭ ئاۋازى گەپلىرىمىزنى ئۈزۈپ قويدى.

— ھازىر تارقالساڭلار بولىدۇ، يىراققا كېتىپ قالماڭلار، پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن يەنە مۇشۇ يەرگە يىغىلىڭلار!...

بىز تارقىلىپ، ئۆزلۈكىمىزدىنلا سىنىپ، زاللارنى تازىلاشقا كىرىشتۇق: بىر قىسمىمىز پارتا، دوسكا، دېرىزىلەرنى سۈرتتۇق؛ بىر قىسمىمىز مەيدان ۋە يوللارنى سۇ سېپىپ سۈپۈردۇق. بۇ ئىشقا بارى - يوقى بىرەر سائەت ۋاقىت كەتكەندۇ؟ زال، سىنىپلار چىنىدەك تازا، مەكتەپ قورۇسى ۋە مەيدانى ئاسفالت يېيىتىلغاندەك پاكىز بولۇپ كەتتى. مەكتەپ ئىچى شادلىق ئىلكىدە. ساۋاقداشلار ئۇ يەر - بۇ يەردە تۆت - بەشتىن بولۇشۇۋالغان. ئۇلار ھاياجان بىلەن نېمىلەرنىدۇر سۆزلەشمەكتە، يۈزلىرىدە بولسا كۈلكە جىلۋە قىلاتتى. بىزمۇ ئەكرەم، مۇختەر بىرنەچچىمىز قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. گېپىمىزنىڭ مەزمۇنى بۈگۈنكى خۇش خەۋەرگە مەركەزلەشكەن:

— ئەكرەم، سەن ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرگەنمۇ؟ — سورىدى مۇختەر.

— ئۆزىنى كۆرمىگەن، ئەمما گېزىتتىن رەسىمىنى كۆرگەن، — دېدى ئەكرەم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — سەنچۇ؟

— مەن گېزىتتىن رەسىمىنى كۆرگەن، ئۆزىنىمۇ كۆرگەن، — دەپ ھاياجانلىنىپ سۆز باشلىدى مۇختەر، — بىر كۈنى بازارغا چاي ئەكېلىشكە بارغانىدىم. قايتىشىمدا، نۇراخۇن ئاقساقالنىڭ مەسچىتى ئۇدۇلىدىكى كىتابخانىغا كەلگىنىمدە، بىر قارا پىكاپ كېلىپ توختىدى. پىكاپتىن ئالدىدا ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر كىشى، ئارقىدىنلا ئۇستىگە قارا كاستۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا گۈللۈك مانچېستېر دوپپا كىيگەن، قاپقارا بۇرۇتلۇق بىر كىشى چۈشتى. شۇ ئارىلىقتا ماشىنا ئەتراپىغا بىرنەچچە ئادەم يىغىلدى. مانچېستېر دوپپا كىيىۋالغان كىشى ھەربىي كىشى بىلەن كىتابخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن قارا پىكاپقا قىزىقىپ قاراپ قاپتىمەن. شۇ ئارىدا ئۇلارغا قارىشىپ قالغان ئادەملەردىن بىرى يېنىدىكى كىشىگە دوپپىلىق كىشىنى كۆرسىتىپ: «كۆردۈڭمۇ، ئەخمەت ئەپەندىم» دېدى ھۆرمەت بىلەن. بۇ گەپ بىلەن تەڭ مەن دەرھال خىيالدىن ئويغىنىپ، ھېلىتى سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدىم. ئىچىمدە: «ئەخمەت ئەپەندىم!؟ راست شۇمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم - دە، دەرھال كىتابخانىغا كىردىم. دوپپىلىق كىشى مەن گېزىتلەردىكى رەسىمدىن كۆرگەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نەق ئۆزىكەن! ئۇ جازىلارغا تىزىپ قويۇلغان كىتاب - ژۇرناللارنى بىر - بىرلەپ كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. مەن كىتاب جازىسىنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قاراپ كەتتىم. ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇر بىر ئىسسىق تۇيغۇ جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. خېلى بىر ۋاق ئۆتكەندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم كىتاب ساتقۇچى رۇس ئايال بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى. ھەربىي كىشى بىر دەستە كىتاب-

نى كۆتۈرۈپ ئارقىدىن ماڭدى. مەنمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ سىرتقا چىقتىم. ئەخمەت ئەپەندىم توپلانغانلارغا قاراپ كۈلۈپ قول ئىشارىسى قىلدى ـ دە، ماشىنىغا چىقتى. كىچىك ماشىنا يېنىك قوزغالدى. مەن ماشىنا كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ قاپتىمەن دېگىنە؟ ئەخمەت ئەپەندىم راستلا چېھرى ئىسسىق، خۇشخۇي كىشى ئىكەن. ئاتا ـ ئانا، تاغىلىرىمىز دائىم گېپىنى، تەرىپىنى قىلىدىغان رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرۈپ، شۇنداق خۇش بولدۇمكى، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى...

— تېزرەك كەلسىكەن، مەن ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۆرۈۋالمىسام، — دېدى ئەكرەم.

— ھەممە باللار ئالدىغا ئۆتۈۋالسا تەرتىپ نەدە قالىدۇ؟ ئادەتتىكىدەك بويىمىزغا قاراپ تۇرىمىز ـ دە، — دېدى يەنە بىر ساۋاقدىشىمىز ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ.

— خەپ، بويۇم! ئەڭ ئارقىدا تۇرۇپ كۆرۈشۈمگە توغرا كېلىدىغان بولدى ـ دە، — دېدى ئەكرەم بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن كايىپ.

بىردىن يەنە پۇشتەك چېلىندى. ھەممىمىز دەرھال مەيدانغا قاراپ يۈگۈرۈپ، ئورنىمىزغا بېرىپ تىزىلىپ تۇردۇق. ھەممىمىز كۆزلىرىمىزدە ئويناپ تۇرغان خۇشاللىق ئالامەتلىرىنى يوشۇرالماي ئۈنسىز تۇراتتۇق، ھاياجانلىناتتۇق. سىنىپ مەسئۇللىرىمىز يېنىمىزغا كېلىپ، قاتارىمىزنى كۆزدىن ئۆتكۈزدى. تەرتىپ مۇدىرىمىز مەيدان سۇپىسىغا چىقىپ، بىزگە قاراپ تەرتىپنى ساقلىشىمىزنى، ئورنىمىزدىن قوزغالماسلىقىمىزنى جېكىلىدى.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بىزگە ئۇدۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرۋازىدىن مەكتەپ قورۇسىغا ئىككى قارا پىكاپ كىرىپ كەلدى. بىز ئۆزئارا: «كەلدى، كەلدى!...» دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈ-

زۇپ، ئالغا تەلپۈنۈپ بويۇنلىرىمىزنى سوزۇشاتتۇق. شۇ چاغدا مەكتىپىمىزنىڭ مۇدىرى ئابدۇسالام ئەپەندى، ئىلمىي مۇدىرى مەۋلان ئەپەندى، تەرتىپ مۇدىرى نەسرىدىن ئەپەندى ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ماشىنا تۇۋىگە بېرىپ مېھمانلارنى كۇتۇۋالدى. ئاندىن ئۇلار بىر تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئوتتۇرىدا بېشىغا بېغىر رەڭ دوپپا، ئۇچىسىغا قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن كىشى، يېنىدا ئابدۇسالام ئەپەندى، ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە مېھمانلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز كېلىشىۋاتاتتى. ئارد-لىق يېقىن قالغاندا بېغىر رەڭ مانچېستېر دوپپا كىيىۋالغان، قىسقا قارا بۇرۇتلۇق، خۇشخۇي كىشى بىزگە قاراپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. ئابدۇسالام ئەپەندى چاۋاك چالدى. بىزمۇ قىزغىن چاۋاك چېلىپ، مەكتەپ مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۇر-دۇق ۋە شۇ چاغلاردا ئېيتىلىدىغان «سالام، رەھبىرىمىز ئەخمەت-جان! ...» دېگەن ناخشىنى ياڭراتتۇق. قوللىرىمىز چاۋاكتىن توختىمايتتى. ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر ئىسسىق ئېقىم جۇش ئۇراتتى. يازنىڭ ئىللىق، يېنىك شامىلى يۈز ۋە ماڭلايلىرىمىزنى يۇمشاق سىيپاپ ئۆتەتتى. روھىمىز ئاجايىپ كۆتۈرەڭگۈ، كۆزىمىز سەھنىدە ئىدى. مۇدىرىمىز ئابدۇسالام ئەپەندى ئۈستى قىزىل رەخت بىلەن يېپىلغان، ھەر خىل يېڭى گۇللەر سېلىنغان لوڭقا قويۇلغان ئۈستەلگە يېقىن كېلىپ:

— ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، بۈگۈن رەھبىرىمىز ئەخ-مەت ئەپەندىم قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ بىزنى كۆرگىلى كەپتۇ. مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە ۋاكالىتەن سۆيۈملۈك ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مەكتىپىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا قىزغىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، — گۈلدۈراس ئال-قىشلار يەنە ياڭراپ كەتتى، چاۋاكلار ئۈزۈلمەي چېلىناتتى، مۇدىرىمىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىر رەھبىرىمىز ئەخ-مەت ئەپەندىمنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى...

قىزغىن ئالقىشلار ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىم ئۇستەلنىڭ ئال-
دىغا كەلدى، ھەممىمىزگە قاراپ خۇشخۇي تەبەسسۇم قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئاندىن ناھايى-
تى يېقىملىق، ياڭراق ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىردان ئوقۇتقۇچىلار! سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىلار! — بىز قىزغىن چاۋاك چېلىپ رەھبىرىمىز ئەخ-
مەت ئەپەندىمگە ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈردۇق. ئۇ قىز-
غىن ئالقىشلار ئىچىدە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوقۇغۇچىلار، سىلەرنىڭ ھازىرقى چېغىڭلار بىلىم ئالىدىغان ئەڭ قىممەتلىك، ئالتۇن چېغىڭلار، ئارزۇ - خىياللارغا باي چېغىڭلار. سىلەر ئالىم بولۇشنى خالامسىلەر؟

— خالايمىز! — گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن جاۋاب بەردۇق بارلىق ساۋاقداشلار تەڭ توۋلاپ.

— ئىنژېنېر بولۇشنى خالامسىلەر؟

— خالايمىز!

— ئۇچقۇچى بولۇشنى خالامسىلەر؟

— خالايمىز!

— دوختۇر بولۇشنى خالامسىلەر؟

— خالايمىز!

— ئالىم، ئىنژېنېر، ئۇچقۇچى، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوقۇش كېرەك؛ ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىش كېرەك. خەلقىمىز، پۈتۈن جەمئىيىتىمىز سىلەردىن مانا شۇنداق ئادەملەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. سىلەر — بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. سىلەر — بىزنىڭ كېلە-
چىكىمىز. كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئىشلار سىلەرگە باغلىق. مەن سىلەرنىڭ تىرىشىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىلىم ئېلىش — يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش قىيىن ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بىلىم

كانى — مەكتەپتىن تېخىمۇ كۆپ گۆھەر قېزىپ، يارامىلىق ئادەم-
لەردىن بولۇپ چىقىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

قىزغىن ئالقىشلار ئەۋجىگە چىقتى. ئەخمەت ئەپەندىم ھەم-
مىمىزگە كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىرقۇر قارىۋېلىپ،
ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى - دە: «رەھمەت، باللىرىم!
رەھمەت!» دېدى. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار
بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالىي-
جاناب، شەرەپلىك خىزمىتىگە ئىلھام بەردى. بىز ئەخمەت ئەپەن-
دىم بىلەن باشقا مېھمانلار مەكتىپىمىز مۇدىرى ئابدۇسالام ئەپەن-
دىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭغاندا
قىزغىن چاۋاك چېلىپ، قەلبىمىزدىكى چەكسىز خۇشاللىقنى،
تىرىشىپ ئوقۇپ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشىدىغان-
لىقىمىزنى بىلدۈردۇق، ئاندىن قاتارىمىزنى بۇزماي سىنىپلارغا
كىرىپ، ئۆز پارتىلىرىمىزدىن ئورۇن ئالدۇق.

تېخىچە خۇشاللىقىمىز بېسىلمىغانىدى. سىنىپتا بۈگۈنكى
خۇشاللىقلار ئۈستىدە ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي ئۆزئارا پاراڭ-
لىشىۋاتاتتۇق، ئىشىك ئېچىلدى. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇ-
رۇپ، تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز خۇدابەردى تالىپ ئەپەندى-
نى كۈتۈۋالدۇق. ئۇ بىزنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ، سىنىپ-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. گويا ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى چۈشەن-
گەندەك ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مېھرىبان ۋە كەمتەر خىسلەتلىرى
ھەققىدە، ئۇنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ئالاھىدە
ۋاقىت چىقىرىپ، بىزنى كۆرۈشكە كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھايا-
جانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. بىردىنلا سىنىپىمىزنىڭ ئىشىكى يەنە
ئېچىلدى. سىنىپقا ئالدى بىلەن مۇدىرىمىز ئابدۇسالام ئەپەندى
كىردى - دە، چاۋاك چالدى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ چاۋاك
چالدۇق. بۇ چاغدا سىنىپقا ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ھەمراھلىرى
كىرىپ كەلگەنىدى. ئەخمەت ئەپەندىم بىزگە كۆيۈمچان ئاتىلار-

دەك ئىللىق كۈلۈپ قاراپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن خۇدابەردى تالىپ ئەپەندىگە قاراپ دېدى:

— ھازىرقى سائەتلىك دەرسىڭلار نېمە؟

— تىل - ئەدەبىيات، — دەپ جاۋاب بەردى مۇئەللىم.

— ياخشى، ياخشى، تىل - ئەدەبىيات قىزىقارلىق، كۆڭۈل-لۈك دەرس. خوپ قېنى، دەرسىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم مۇئەللىمگە.

— رۇس كلاسسىك شائىرلىرىدىن مەشھۇرلىرى* قايسىلار؟ قېنى، كىم جاۋاب بېرىدۇ، — دېدى بىزگە قاراپ مۇئەللىم.

— مەن! — دەپ قولىنى كۆتۈردى بالىلار.

مۇئەللىم قول كۆتۈرگەن بالىلارغا قاراپ:

— قېنى، سىز سۆزلەڭ، — دېدى ئەكرەمگە.

ئەكرەم پۇشكىن، لېرمونتوف، نېكراسوف ۋە باشقا شائىر-لارنىڭ ناملىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ چاقماقتەك سۆزلەپ كەتتى.

— يارايسىز، ئوغلۇم! ئورۇنلۇق جاۋاب بەردىڭىز، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن، — بىزنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىمۇ بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئەكرەم، — نەۋائىي، نىزارى، موللا بىلال...

— دۇرۇس، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم يېنىدىكىلەرگە قاراپ، — ياخشى ئوقۇپ، ئەلا نەتىجەڭلار بىلەن ئاتا - ئاناڭلار-نىڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭلارنىڭ ئەجرىنى، خەلقنىڭ غەمخورلۇقىنى ئاقلاڭلار!

ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ھەمراھلىرى مۇدىرىمىز بىلەن بىللە

---

* شۇ چاغلاردا غۇلجىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن دەرسلىكلەر ئاساسىدا دەرس ئۆتۈ-لەتتى.

باشقا سىنىپلارغا قاراپ يول ئالدى. بىز ئۇلارنى ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قىزغىن چاۋاكلار بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق. سۆيۈملۈك رەھبىرىمىزدىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزىمىز قىيمايتتى. ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر ياغاتتى، قەلبىمىزدە خۇشاللىق جۇش ئۇراتتى، ھاياجاندىن يۈرەكلىرىمىز دولقۇنلايتتى. دىققىتىمىزنى مۇئەللىمنىڭ سۆزى بۆلدى:

— قېنى، دەرسىمىزگە كېلەيلى. بۈگۈنكى ئۇنتۇلماس تەسىراتلىرىمىز توغرىسىدا ئورتاقلىشايلى...

* *

بۇ ئىشنىڭ بولغىنىغا ھازىر يىرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، سۆيۈملۈك ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مېھرىبان، خۇشخۇي چىرايى زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، تەسىرلىك سۆزلىرى ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قاسىمكامنىڭ مىجەزى

دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان مەكتىپىمىزگە كىرىسىڭىز كۆزىڭىز ئالدى بىلەن دەرۋازا يېنىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيگە چۈشىدۇ. ئۆينىڭ دەرۋازا تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىسىگە ئۈستەل سائىتى قويۇپ قويۇلغان. بۇ ئۆيدە قاسىمكام تۇرىدۇ. ئۇ مەكتەپتە قوڭغۇراق چالىدۇ، تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدا بىرەر گەپ بولۇپ قالسا، بەزىلەر ئىسمىنى ئەسلىيەلمەي ھېلىقى «قار ياغدى» مۇ دەپ قويۇشىدۇ. دېمىسىمۇ بەستىلىك، ئۆڭكى قارا بۇ ئادەمنىڭ دائىم ئېچىلماي يۇرىدىغان قاپىقى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن كەسكىنلىكى، چۇسلۇقى چىقىپ تۇرىدۇ، ئادەتتە گەپ قىلسىمۇ گورەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىدۇ. قاسىمكامنىڭ بۇ تۇرقىغا قاپقارا قايرىلما بۇرۇتى تېخىمۇ جىددىي تۈس كىرگۈزگەن. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ھەممىمىز دېگۈدەكلا تەپ تارتىمىز. مەكتەپ ئىچىدە يۇگۈرۈشۈپ يۈرگەن بولساق، ئۇنى كۆرگەندە توختاپ قالىمىز؛ ۋارقىرىشىپ يۈرگەن بولساق، دەرھال قولىمىز بىلەن ئاغزىمىزنى ئېتىۋالىمىز.

بىر كۈنى مەن سىنىپتىن چىقىۋاتسام كىمدۇر بىرى ئارقامدىن كېلىپ قولۇمدىن پىرقىرىغۇچۇمنى ئەپقاچتى، قارىسام ساۋاقدىشىم ئەركىن ئىكەن. مەن ئۇنى قوغلاپ يۇگۈردۇم. دەل شۇ چاغدا قولىدا سۇپۇرگە تۇتقان قاسىمكام ئالدىمىزدىن چىقىپ قالدى.

— ھە، ھە، نېمە بولدۇڭلار، نەگە يۇگۈرىسىلەر؟ — دەپ ماڭا تىكىلدى قاسىمكام.

— پىرقىرىغۇچۇمنى ئېلىۋالدى، — دېدىم ئالدىمدا توختىغان ئەركىننى كۆرسىتىپ.
— مەن... مەن ئوينىۋاتقاي دېگەنىدىم، — دېدى ئەركىن قورقۇمسىراپ، ئاندىن قولىدىكى پىرقىرىغۇچۇمنى ماڭا ئۇزاتتى.
— سىلەر بىلەمسىلەر، بۇ يۈگۈرۈش مەيدانى ئەمەس، مەكتەپقۇ؟ ئاستا ماڭساڭلار بولمامدۇ، — دېدى قاسىمكام بىزگە تىكىلىپ، — سىلەر چوڭ بولۇپ قالغان، يەنە كېلىپ بەشىنچى سىنىپنىڭ بالىلىرىغۇ!
بىز ئۇندىمەي جىم تۇرۇپ قالدۇق.
— سىنىپىڭلاردىكى بالىلار كېتىپ بولدىمۇ؟
— ھە، — دېدۇق ئەركىن ئىككىمىز تەڭلا جاۋاب بېرىپ.
— ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئەتتىڭلارمۇ؟
ئەركىن ئىككىمىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويدۇق.
— قاراپ بېقىپ كېلەيلى، — دېدىم مەن ئەركىنگە كۆز يۈگۈرتۈپ.
— بولدى، بولدى، دەرسىڭلار تۈگىگەن بولسا قايتىڭلار. كوچىدا ماشىنا تولا، يۈگۈرۈشمەي يولنىڭ چېتىدە مېڭىڭلار. سىنىپقا مەن ئۆزۈم قاراپ باقىمەن، — دېدى قاسىمكام بىزنىڭ سىنىپ تەرەپكە يول ئېلىپ.
ئەركىن ئىككىمىز ئۇنچىقماي ئاستا سىرتقا قاراپ ماڭدۇق. قاسىمكام ئەنە شۇنداق ئەستايىدىل، تەلەپچان ئادەم. ئۇ بار يەردە زال ياكى قورۇغا بىرەر تال ئەخلەت تاشلىيالمايمىز. دەم ئېلىش ئارىلىقىدا مەيدانغا چىقىپ «ئودىكام» ئوينىساق، ئۇ قولىدا سۈپۈرگە ياكى گۈرجەك تۇتقان ھالدا يېنىمىزغا كېلىپ: «يەرلەرنى بەك ئويۇۋەتمەڭلار. قاراڭلار، سۈپۈرۈپ قويغان يەرنى شېغىل، توپا قىلىۋېتىپسىلەر!» دەيتتى. بىز ماقۇل بولۇپ،

يېتەرسىزلىكىمىزنى تەن ئالاتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشقا پېتىنالمايتتۇق. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، بىز تەرتىپ مۇدىرىمىزدىنمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتقاندەك تەپ تارتمايتتۇق. قاسىمكام بىزگە ئەنە شۇنداق پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى بېرىپ قويۇپ يەنە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتەتتى: بىردەم ئېرىقلارغا سۇ ئاچسا، بىردەم مەكتەپ باغچىسىدىكى ئالمىلارغا كۆز - قۇلاق بولاتتى. مەكتەپ باغچىسىدىكى ئالمىلار بۇ يىلمۇ ئالاھىدە ئوخشاپ شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. ئالمىلار پىشىپ بولغاندا ئۇنى قاسىمكام مەكتەپتىكىلەرگە ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىپ، پۇلىنى مەكتەپ زاپخوزىغا تاپشۇراتتى...

سېنتەبىر، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى. بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتسام يېنىمدا بىللە ماڭغان ساۋاقدىشىم ئەركىن سۆز ئېچىپ قالدى:

— زاكىر، بىر گەپ دېسەم ماقۇل دەمسەن؟

— نېمە گەپ؟ — ئەركىنگە قايتۇرۇپ سوئال بەردىم.

— مەكتەپتىكى ئالمىلار پىشىپ تۈگەپمۇ قاپتۇ. قاسىمكام يوق ۋاقتىدا شاخنىڭ ئۇچىدا قالغان ئالمىلارنى ئۈزۈۋېپ بىر يەۋالمايمىزمۇ؟

— سورىماي ئېلىپ يېسەك قاسىمكام مەكتىپىمىزدە چاۋمىزنى چىتقا يايار!

— قاسىمكامنىڭ ئالمىسىمۇ ئۇ؟ بىز يوق چاغدا ئۆزىمۇ ئېلىپ يېگەندۇ؟ بىز ئالساق نېمە بوپتۇ؟

— قاسىمكامنىڭ ئالغان - ئالمىغانلىقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ مەن بۇ پىكرىڭگە قوشۇلالمايمەن، سەن ئېلىپ يېگىن، — دېدىم مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ۋاي - ۋوي، بەكلا ئىنتائەتچان بولۇپ كېتىپسەنغۇ، زاكىر. كۆرۈپ قالسا مېنى ئالدى دېگىن. مەن يەرگە چۈشكەنلەرىنى ئېلىپ يېدۇق دەيمەن يا بولمىسا پۇلىنى بېرىۋېتەي دەپ

قۇتۇلىمىز، قانداق؟— دېدى ئەركىن ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ.

مەن ئەركىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىرئاز ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. چۈنكى، مەي باغلاپ كەتكەن بۇ ئالمىلارغا مېنىڭمۇ كۆزۈم چۈشۈپ يۈرەتتى. ئاخىر مەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم. مەسلىھەت بويىچە ئەتە يەكشەنبە كۈنى مەكتەپنىڭ ئارقا تېمىدىكى شورىدىن چۈشۈپ ئالما ئالماقچى بولدۇق. بۇ شورا بىلەن ئادەتتە مەھەللىمىزنىڭ ئايىغىغا چىققىلى بولاتتى، بىراق بۇ شورىدىن ئۆتۈشكە ھېچكىم پېتىنالمايتتى، چۈنكى قاسىمكامنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقاتتى.

ئەركىن ئىككىمىز تۈنۈگۈن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە يەكشەنبە كۈنى مەكتەپ بېغىنىڭ كەينىدىكى تام شورىغا كەلدۇق. شورىدىن ئالدى بىلەن ئەركىن چۈشتى، ئاندىن مەن چۈشتۇم، يۈرىكىم دۈپۈلدەشكە باشلىدى، بىراق شاختىكى ئالمىلارنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. ئەركىن ماڭا قاراپ:

— زاكىر، قارا، تۈنۈگۈن مەن ئۆيدە تاۋۇز تىلىمەن دەپ قولۇمنى كېسىۋالدىم، — دېدى ئۇ سول قولىنىڭ لاتا بىلەن تېڭىپ، قويۇلغان باش بارمىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ، — ئالمىغا سەن چىق، مەن قاراپ تۇراي. بىرەرى كېلىپ قالسا گەپكە تۇتۇپ تۇرىمەن.

مەن تالىشىپ تۇرماي ئالمىغا چىقتىم. ئەركىن ئۇيىنغان بولۇپ ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردى. شاخنى ئىرغىتاي دېسەم ئالمىلارنىڭ زېدە بولۇپ كېتىشىدىن قورقتۇم. شۇنىڭ بىلەن ئالمىلارنى ئۈزۈپ قوينۇمغا سېلىشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئەركىننىڭ:

— زاكىر؟— دەپ ئەنسىز توۋلىغىنى ئاڭلاندى. بۇ ماڭا «قاچ!» دەپ بېرىلگەن سىگنال ئىدى. مەن دەرھال ئالمىدىن پۇتۇمنى يۆتكىشىمگە بىر شاخ «قارس» قىلدى ـ دە، يەرگە قانداق چۈشكىنىمنى بىلمەي قالدىم. تىنسام پۇتۇن

ئۇستىخانلىرىم ئاغرىيتتى، بېشىم يېرىلىپ كەتكەندەك لوقۇلدايتتى. كۆزۈمنى ئاچسام يېنىمدا قاسىمكام تۇرۇپتۇ. ئۇ كېلىپ مېنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە قارىۋالدىم. يەردە قوينۇمدىن تۆكۈلگەن ئالمىلار چېچىلىپ ياتاتتى.

— بىرەر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ، ئۆڭۈك باشقىچىلىغۇ، — دېدى قاسىمكام كىيىملىرىمنى قېقىپ.

— ...

— ئۆزۈڭ يالغۇز كەلگەنمىدىڭ؟

— ياق، ئەركىن ئىككىمىز كەلگەن.

— ئۇ قېنى؟

— ...

— قارا، سېنى دوستۇڭ تاشلاپ قېچىپتۇ، رەڭگىرويىڭ تاتىرىپ كېتىپتۇ. ماڭالامسەن؟

— ھە، — دېدىم مەن بىر - ئىككى چامداپ.

— پۇت - قولۇڭ سۇنۇپ كەتكەن بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ئاتا - ئاناڭغا، ساۋاقداشلىرىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەتتىڭ؟

يۈز - قۇلاقلىرىم ئوت ياققاندەك قىزىپ كەتتى. كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

— بولدى، يىغلىما، ماۋۇ ئالمىلارنى تېرىۋال!

— ياق، ئالمايمەن، — دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئال، — قاسىمكام يەردە ياتقان ئالمىدىن بىرنەچچىنى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى، — يەنە ئالما يېگۈڭ كەلسە سوراپ ئال، بولامدۇ؟

قاسىمكامنىڭ سەمىمىي گەپلىرى يۈرىكىمگە باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدەك تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ماڭا دائىم سوغۇق كۆرۈنىدىغان چىرايى مېھرىبان دادامنىڭ چىرايىدەك ئىللىق سېزىلىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بولمىغۇر ئىشىمدىن ئۆكۈنۈپ:

— قاسىمكا، ئەمدى مۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ؟ — دېدىم كۆزلىرىمگە ياش ئالغان ھالدا.

# كۆڭۈل

ياز كېلىشى بىلەنلا مەن ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە چىقىپ دەم ئالىدىغان يېزا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى: نەغمىچى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، ماھىر تەبىئەتنىڭ قىر - داللارغا سالغان نەقىشلىرى، يېشىل دەل - دەرەخ، رەڭدار گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇراقلىرى يېزىغا بولغان تەلپۈنۈشۈمنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. مانا بۇ يىلقى ئوقۇشلىرىمىزمۇ تۈگەپ، يازلىق تەتىلىمىز باشلاندى. خىيالىمغا يەنە يېزا مەنزىرىسى — كۆجۈم مەھەللىلەر، گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن مېۋىلىك باغلار، پايانسىز كەتكەن يېشىل ئېتىزلار، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىزغۇچ، سارغۇچ ئارىلاش بىنەملەر، سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر، سۇ ياقىلىرىدىكى بۆلجۈرگەنلىك چاتقاللار... كىرىۋالدى.

ئۇخلىسامۇ چۈشلىرىمگە يېزىلىق دوستلىرىم بىلەن باغ ۋە داللاردا چۇرقىرىشىپ ئوينىغانلىرىمىز، سۇغا چۆمۈلگەنلىرىمىز، سېغىز كولاپ، تۆتقۇلاق ئىزدەپ سەيلە قىلغانلىرىمىز، كېچىلىرى چۆچەك ئېيتىشقان ياكى مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىغانلىرىمىز كىرەتتى. ئەنە شۇنداق ئەسلەش، سېغىنىش بىلەن تەتىلىمىزنىڭ بىرنەچچە كۈنى ئۆتۈپ كەتتى. شەھەر ھاياتى زېرىكىشلىك، مەنىسىز سېزىلەتتى. ئۇلتۇرسام - قوپسام خىيالىم يېزىدا ...

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپام مېنى شەرق مەھەللىدىكى كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە سىيادان ئەكېلىشكە ئەۋەتتى. يولدا

ئوينىغاچ مېڭىپ، كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى تۇيماي قالدىم. كۈنچىقىش تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان دەرۋازىدىن كىرىشىمگە كۆزۈم هويلىدا تۇرغان كۆتەك هارۋىغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تورۋىدىن كورۇسلىتىپ يەم يەۋاتقان ئاتقا چۈشتى. بۇ مەن تونۇيدىغان ئات، چوڭ داداملارنىڭ جەرەن ئېتى ئىدى، هارۋىمۇ دەل ئۆزى. قانداقتۇر بىر ئىللىق ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تارقىغاندەك بولدى. خۇشاللىقىمدىن ئالدىراپ كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا كۆزۈم ئالدى بىلەن يېزىدىكى چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلى رۇستەمكامغا چۈشتى. ئۇ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىچىك ئاپاملار بىلەن سۆزلىشىۋاتقانىكەن. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ رۇستەمكامنىڭ بوينىغا ئېسىلدىم. ئۇ مېنى مۈرەمدىن تۇتۇپ ئەهۋال سورىدى.

— قانداق ئەهۋالىڭىز، ئوقۇۋاتامسىز، سەهراغا قاچان چىقىسىز؟

رۇستەمكام كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى تېپىپ سورىغاچقىمۇ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ كەتتىم.

— سىز بىلەن چىقىپ كېتىمەن، بىزنى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگىلى بىر هەپتە بولدى، — دېدىم مەن رۇستەمكامنىڭ يېنىدىن جاي ئېلىپ.

— بوپتۇ، مەن بىلەن چىقىپ كېتىڭ، سەهرادىكى ئاغىنىلىرىڭىز سىزنى قاچان چىقىدۇ دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئۆرۈكلەرمۇ پىشىپ قالدى.

ئۆرۈكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاغزىمغا سېرىقسۇ كەلدى. ئالتۇندەك سۈزۈك ئاق ئۆرۈكلەر، ياغلىق ئۆرۈكلەر كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى.

— سەهراغا قاچان ماڭىسىز؟ — دېدىم رۇستەمكامغا تاقەتسىزلىك بىلەن.

— مەن بازارغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، — دېدى

ئۇ، — ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئۆيگىمۇ بېرىپ كەلمەكچىدىم، بازار-
دىكى ئىشىمنى پۈتتۈرۈۋالمىسام بولمايدۇ.
— مەن سىز بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمەن جۇمۇڭ؟ —
دېدىم رۇستەمكامغا بايىقى سۆزۈمنى تەكرارلاپ.
— ماقۇل دېدىمغۇ، ھەدەممۇ بىللە چىقىدۇ، — دېدى
رۇستەمكام جاۋاب كۈتكەندەك كىچىك ئاپامغا قاراپ.
— سىز بازاردىكى ئىشلىرىڭىزنى پۈتتۈرۈۋېلىڭ، زاكىر
سىيادانىنى ئاپىرىپ بەرگەچ ئاپىسىغا دەپ قويۇپ كەلسۇن. ئەتە
ئەتىگەندە ماڭايلى، قانداق؟ — دېدى كىچىك ئاپام.
— ئۇنداق بولسا ھازىرلا بېرىپ ئاپامغا دەپ قويۇپ
كېلەي.
— نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ئېلىپ ئەتىگەنلىككە كەلسى-
ڭىزمۇ ئۇلگۇرىسىز. بىز سىزنى ساقلاپ تۇرىمىز. سىز
كەلگەندىن كېيىن ماڭىمىز، — دېدى كىچىك ئاپام مېنى
ئىشەندۈرۈپ.
مەن كىچىك ئاپام قەغەزگە ئوراپ بەرگەن سىيادانىنى ئېلىپ
ئۆيگە ئۇچقاندەك چاپتىم. ئۆيگە كىرسەم ئاپام كىر يۇيۇۋېتىپتۇ.
مەن ئۆزۈمنى باسالماي ئالدىراپ - تېنەپ:
— ئاپا، سەھرادىن رۇستەمكام كىرىپتۇ. ئەتە ئەتىگەن
چىقىپ كېتىدىكەن. كىچىك ئاپاممۇ چىقىدىكەن، مېنىمۇ بىللە
ئېلىپ چىقىدىغان بولدى، — دېدىم قولۇمدىكى قەغەزگە ئوراقلىق
سىيادانىنى تەكچىگە قويۇۋېتىپ.
— رۇستەمكام كىرىپتۇ دەمسەن؟ ئۇ بىزنىڭكىگە
كەلمەمدىكەن؟
— بىزنىڭكىگە كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، بازاردا ئىشى بار
ئىكەن، — دېدىم يېڭى ــم بىلەن پېشانەمدىكى تەرلىرىمنى
سۈرتۈپ.
— نېمانچە تەرلەپ، قىزىرىپ كەتتىڭ، يۈگۈرۈپ ماڭغان

www.uyghurkitap.com

ئوخشىمامسەن؟ كىيىملىرىڭنى يۇيۇۋاتاتتىم، قۇرۇغاندا دەزماللاپ بېرىمەن، بۈگۈن يېتىپ دەمىڭنى ئال، — دېدى ئاپام قولىنى ئىشتىن توختاتماي.

— تېزرەك دەزماللاپ بەر، بۈگۈن كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قونىمەن.

— نېمانچە ئالدىرايسەن، قولۇمنى بىكار قىلىپ نەرسە - كېرەكلىرىڭنى تەييارلاپ بەرمەيمەنمۇ؟ ئەتىگەنلىككە سېنى ئۆزۈم ئويغىتىپ قويىمەن.

بۈگۈن ناھايىتى تەستە كەچ بولدى، ئورنۇمغا كىرىپ ياتتىم. بىراق، ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. قاچانلاردىدۇ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئاپامنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى:

— زاكىر، بالام، تۇرغىن! كۈن چىقىپ كەتتى. چايلىرىڭنى ئىچىپ ماڭ، كىچىك ئاپاڭلار سېنى ساقلاپ قالمىسۇن!

دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، كىيىملىرىمنى كىيىپ، يۈزۈمنى يۇيدۇم، ئالدىراپ - تېنەپ چېيىمنى ئىچىپ، ئاپام بوپىلاپ بەرگەن كىيىملىرىمنى ئالدىم، ئۇنىڭغا يېزىغا چىققاندا ئوقۇيدىغان كىتابلىرىمدىن بىرنەچچىنى سېلىۋالدىم. ئاپام مېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ئارقامدىن قاراپ قالدى. مەن يەنە كىچىك ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدىم. ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان بىر قانىتىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرسەم، تۈنۈگۈن مەن كۆرگەن ئات - ھارۋا يوق. كىچىك ئاپاملارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قارىسام، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق. بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ قورۇدىكى قوشنىسى خېلىچىمدەملەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سورىدىم:

— خېلىچىمدە، كىچىك ئاپاملار يوققۇ؟

— تۈنۈگۈن كەچتە سەھراغا چىقىپ كەتتى. سەھرادىن تۇغقىنى ھارۋا ئەكىرگەنىكەن، — دېدى ئۇ ماڭا مۇلايىمغىنە جاۋاب بېرىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قولۇمدىكى بوپا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

— نېمە بولدى، بىرەر مۇھىم ئىش بارمىدى؟ — دېدى خېلىچىمدەم ماڭا.

ھېچنېمە دېمەي كەينىمگە بۇرۇلدۇم ـ دە، ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشكەن ئادەمدەك ھالسىزلىنىپ ئۆيگە يول ئالدىم. ئۆيگە كەلگۈچە كىچىك ئاپىلارنىڭ قورسىقىغا قانداق جىن كىرگەنلىكىنى بىلەلمەي ئەلەم چېكىپ ماڭدىم. ئېنىقىنى ئېيتسام، كىچىك ئاپىلارغا ئۆچلۈكۈم كەلدى. ئۆيگە كىرىپلا بوپىنى كارىۋاتقا ئاتتىم. ئاپام مېنى كۆرۈپ ئالدىمغا كەلدى. كۆزلىرىمدىكى ياشنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدى، بالام؟ نېمىشقا يىغلايسەن؟ — ئاپام ماڭا قاراپ تېڭىرقاپ قالدى.

— كىچىك ئاپىلار سەھراغا چىقىپ كېتىپتۇ، — ئەلەمدىن غەزىپىم ئۆرلەپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم.

— ئۇلار قاچان چىقىپ كېتىپتۇ؟ — ئاپام يېنىمغا كېلىپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن...

— تۈنۈگۈن؟ — ھەيران بولدى ئاپام، — ساڭا ئەتىگەنلىككە ماڭىمىز دەپتىكەنغۇ؟

— كىچىك ئاپامغۇ شۇنداق دېگەن، بىراق مەن ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلارىنى نەدىن بىلەي...

— توۋا! — دېدى ئاپام، — بۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ كىچىك بالىنى ئومۇلدۇرۇپ. بولدى، بالام، يىغلىما، ماڭىدىغان تونۇشلار چىقىپ قالسا مەن سېنى شۇلارغا قوشۇپ قويىمەن. ئالدىرىمساڭ، داداڭ نىلقىدىن كەلگەندە، سېنى ئۆزۈم ئېلىپ چىقارمەن.

— ياق، بۈگۈن، بۈگۈن بولمىسا ئەتە سەھراغا

چىقىمەن، — دېدىم جاھىللىقىم تۇتۇپ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام ئوقۇشۇپ يۈرۈپ، مەھەللىمىزدىكى قېيۇمكامنىڭ دوستلىرى بىلەن يەكشەنبە كۈنى يېزىغا ئۆرۈك سەيلىسىگە چىقماقچى بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئاپام مېنى يەكشەنبە كۈنى شۇلارنىڭ هارۋىسىغا سېلىپ قويدى. چۈش بولاي دېگەندە بىز يېزىغا يېتىپ چىقتۇق. چوڭ ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە قېيۇمكام مېنى هارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويدى. ئۆزلىرى يۇقارقى مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
چوڭ ئاپاملارنىڭ هويلىسىغا كىرسەم ھەممىسى گۈللۈك ئارىسىدىكى چىملىق ئۈستىدە تاماققا ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ: «زاكىرغۇ، زاكىر چىقىپتىغۇ؟» دېيىشتى. چوڭ ئاپام ئالدىمغا يۈگۈرگەندەك كېلىپ پېشانەمگە سۆيدى. باشقىلار ماڭا ھەيران بولۇشتى، بەزىلىرى خۇشال بولۇشۇپ قارايتتى.
مەن چوڭ ئاپامنىڭ قولىدىن چىقىپ، چوڭ دادامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى:
— قانداق، ئوغلۇم؟ تىنچ تۇردۇڭمۇ؟ ئاتا - ئاناڭ تىنچلىق-مۇ؟ قانداق چىقتىڭ؟ — دېدى ئۇ بېشىمنى سىلاپ.
— قېيۇمكاملار بىلەن چىقتىم، ئۇلار مېنى دەرۋازا ئالدىدا هارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى يۇقارقى مەھەللىگە ئۆتۈپ كەتتى.
— هوششەرە، — دېدى چوڭ دادام، — ئوقۇشلىرىڭ قانداق-راق؟
— بەشىنچى سىنىپقا كۆچتۇم. يازدا ئوقۇيدىغان كىتابلى-رىمنىمۇ بىللە ئاچىقتىم.
— يارايسەن، يىگىت، — دېدى چوڭ دادام، — قاراڭلار، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنىمۇ ئۇنتۇماي ئاچىقىپتۇ.
— مەن ئۇنتۇپ قالىدىغان كىچىك ئاپام ئەمەس، — دېدىم قورسىقىمدىكى ئاچچىقىمنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن.

ھەممە پاراقلاپ كۇلۇشتى. كىچىك ئاپام بىلىنەر ـ بىلىن-
مەس ھىجىيىپ:
— مېنى دەۋاتامسىز؟ — دېدى ماڭا كۆز تىكىپ.
— ھە، رۇستەمكام ئىككىڭلار مېنى ئالداپ قويۇپ كېتىپ
قاپسىلەرغۇ؟ سىلەر ئاچىقىمىساڭلارمۇ ئۆزۈم چىقالامدىكەن-
مەن؟ — دېدىم كىچىك ئاپامغا قادىلىپ.
— بالام، تاماقىقا قاراڭ، قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتكەن-
دۇ؟— دېدى چوڭ ئاپام ئالدىمغا تاماق كەلتۇرۇپ.
— رۇستەمكاڭ ئالداپ قويغىنى ئۇچۇن، بىرەر ۋاقىت چىد-
قىرىپ، سېنى قوغۇنلۇققا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلسۇن! چىلگد-
لەر پىشىپ قاپتۇ، ئۆزۈڭ يېگەچ بىزگىمۇ ئالغاچ كەل، بولام-
دۇ؟ — دېدى چوڭ دادام مېنى روھلاندۇرۇپ.
مەن ماقۇل بولۇپ رۇستەمكامغا كۆز يۇگۇرتتۇم. رۇستەم-
كام كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كىچىك ئاپامغا قارىدى. كىچىك ئاپام
بولسا كېكىردىكىگە نان تۇرۇپ قالغان ئادەمدەك دېمى ئىچىگە
چۇشۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن تامىقىمنى يەپ بولۇپ باغقا
يۇگۇردۇم...



www.uyghurkitap.com

# رۇستەم

توق كۆل رەڭ بۇلۇتلار كۆك يۈزىنى قاپلىغان. چۈشتىن بېرى يېغىۋاتقان يامغۇردىن يوللارنىڭ ئوي ۋە ئازگال يەرلىرىگە سۇلار يىغىلىپ قالغان. يامغۇر يەنىلا سىمىلداپ چۈشمەكتە. مۇيەسسەر باغچىدىن ئېلىپ قايتقان ئۈچ ياشلىق قىزى رەشىدەنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تېز - تېز يۈرمەكتە. ئۇ كېتىۋېتىپ قولىدىكى سائەتكە قارىدى، سائەت بەشتىن ئۆتكەنىدى. مۇيەسسەر ئۆيگە كېلىپ قىزىنى يەرگە چۈشۈردى - دە، سومكىسىدىن ئاچقۇچنى ئالدى. ئىشىكنى ئېچىۋاتقاندا كۆڭلىدىن: «رۇستەم تېخى كەلمەپتۇ - دە!» دېگەن پىكىر كەچتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ قىزىنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇردى، ئاندىن ئۆزىمۇ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، چۆگۈنگە تۇرۇبىدىن سۇ تولدۇردى. گاز ئوچاققا چۆگۈننى قويۇۋېتىپ: «رۇستەم نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟ بۇ ۋاقىتچە ئۇ مەكتەپتىن كېلىپ بولىدىغان...» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى - دە، بىردىنلا جىددىيلەشتى، تۇرۇپ ئاچچىقىمۇ كەلدى. ئانچە ئۆتمەي تالا ئىشىكنىڭ قۇلۇپى شاراقلىدى.

— ئاكام كەلدى، ئاپا، — ئاشخانىغا قاراپ ۋارقىرىدى بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ بېرىدىغان قورچىقىنى ئويناۋاتقان رەشىدە. مۇيەسسەرنىڭ كۆزى ئىشىككە قادالدى.

— سىز كەنسىزغۇ، رۇستەممىكىن دەپ قاپتىمىز، — دېدى ئومىلىپ قالغان مۇيەسسەر.

— دادا، رۇستەم ئاكامچۇ تېخى كەلمەيۋاتىدۇ، — گەپ قىستۇردى تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ رەشىدە.

— رۇستەم تېخى كەلمىدىما؟ نەگە كېتىپتۇ ئۇ؟
— كىم بىلىدۇ، — تامغا يۆلىنىپ سۆزلىگىلى تۇردى مۇيەسسەر، — رۇستەم چۈشتە مەكتىپىگە ماڭغاندا ئۇنىڭغا مەن ئىشتىن يېنىپ ئۇكاڭنى ئالغىلى باغچىغا بارىمەن. سەن ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەل، يامغۇردا تالادا يۈرۈپ كەتمە، دەپ جېكىلىۋەدىم، مانا هازىرغىچە يوق...
— ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنمىدۇ ياكى يامغۇردا كېلەلمەي مەكتەپتە يۈرەمدىغاندۇ؟ — دېدى تېخىچە هۆل كىيىملىرىنى يۆتكىمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان يۈسۈپ، — مەن چىقىپ ئىزدەپ باقاي.
— شۇنداق قىلىڭا، يۈسۈپ، مەكتىپىگىمۇ بېرىپ بېقىڭ. كۆڭلۈم ئەنسىرەپ، قوللىرىم ئىشقا بارمايلا قالدى. سىز كەلگۈچە تاماق ئەتكەچ تۇراي، چوڭ ئۆيگىمۇ تېلېفون بېرىپ باقاي.
يۈسۈپ ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى. يەرگە تۈن پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغانىدى. يۈسۈپ قورۇدىن چىقىپ ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتتى، ۋارقىراپ باقتى:
— رۇستەم، هاي رۇستەم!
— ...
چاقىرىققا جاۋاب ئالالمىغان يۈسۈپ مەكتەپكە قاراپ يولنى داۋام قىلدى. مەكتەپ رۇستەملەرنىڭ ئۆيىدىن ئىككى كىلومېتىرچە نېرىدا ئىدى. يۈسۈپ مەكتەپكە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى سەزمىدى، مەكتەپ ئىچى جىمجىت، سىنىپلار ئاللىقاچان تاقىلىپ بولغان. مەكتەپ ئەتراپىدا بالىلار تۇرماق چوڭ ئادەملەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ قالغان يۈسۈپنىڭ كاللىسىدىن كەچمىگەن ئويلار كەچتى، تېخىچىلا يېغىۋاتقان يامغۇر ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئاخىر ئۇ بايا كەلگەن يولى بىلەن ئۆيىگە قايتتى. مۇيەسسەر قاپاقلىرى سېلىنىپ كەلگەن يۈسۈپكە «لەپپىدە» قارىدى - دە، داستىخان سېلىشقا تۇتۇندى:

www.uyghurkitap.com

— ھۆل بولۇپ كېتىپسىز، يۇسۇپ، كىيىملىرىڭىزنى يەڭ-گۈشلىۋېلىڭ. رۇستەم يىرقكەن دەمسىز، ئۇ چوڭ ئۆيگىمۇ بار-ماپتۇ. نەلەردە يۈرىدىغاندۇ بۇ بالا...

رۇستەم بۇگۈن چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ھويلىغا چىق-قاندا يۈزىگە نەمخۇش شامال ئۇرۇلدى. ئۇ سىمىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا قارىماي مەكتىپىگە ماڭدى. ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي سىنىپ-قا كىرىپ ئورنىغا ئولتۇردى. ھەممىنىڭ كۆزى ئىشىكتە ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بەشىنچى سىنىپنىڭ تىل - ئەدەبىيات مۇئەللىمى بىر توپ دەپتەرنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە سىنىپقا كىردى. ئۇنى بالىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالدى. مۇئەللىم بىرنەچ-چە ئوقۇغۇچىدىن ئۆتكەنكى دەرسنى سوراپ بولۇپ يېڭى دەرسنى باشلىدى. دەرس قىزىقارلىق بولغاچقىمۇ قىرىق بەش مىنۇتلۇق ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنى بىلىنمەي قالدى. ئوقۇتقۇچى سىنىپتىن چىقىش ئالدىدا سىنىپ باشلىقىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بې-رىشنى جېكىلىدى. رۇستەم سىنىپ باشلىقىنىڭ قولىدىن تاپشۇ-رۇق دەپتىرىنى ئېلىپلا ۋاراقلىدى، تاپشۇرۇققا قويۇلغان نومۇر-نى كۆرۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. چۈنكى ئۇ، بۇگۈنمۇ تىل - ئەدەبىيات تاپشۇرۇقىنى ئىشلەشتە يۈز نومۇر ئالغانىدى. ئۇ ھەممە دەرستە دېگۈدەك ئەلاچى ئىدى. شۇڭا، ئۆتكەن مەۋ-سۇملۇق ئوقۇشتا ئۇ سىنىپ بويىچە بىرىنچى، مەكتەپ بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالانغانىدى. ئۇنىڭ ئوقۇشى-غا ئاتا - ئانىسى، مۇئەللىملىرىلا ئەمەس، قوشنىلىرىمۇ قايىل ئىدى. بىراق، رۇستەم يېقىندىن بېرى ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم كېچىكىپ كەلدى. ئاپىسى مۇيەسسەر دەسلەپتە تىرىكتى، ئۇرۇپ باقتى، ھەتتا جىلە بولۇپ رۇستەمنىڭ دادىسىغا چېچىلىپمۇ بەر-دى. ئاپىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەن رۇستەم شۇنىڭدىن بېرى ئۆيگە ۋاقتىدا كېلىپ تۇردى. بۇگۈنمۇ ئۇ قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا

سومكىسىنى مۇرىسىگە ئارتىپ باللار بىلەن سىنىپتىن چىقتى. ئۇ زالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە بىرىنچى يىللىق سىنىپنىڭ مۇدىرى خەلچەم مۇئەللىمنىڭ ئالتە ياشلىق گۈلناز بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى. سىرتتا يامغۇر خېلىلا قاتتىق يېغىۋاتاتتى.

— گۈلناز، كەتمەيسىزغۇ، يۈرۈڭ كېتىمىز، — دېدى يېقىن كېلىپ رۇستەم. گۈلناز ئۈنچىقماي خەلچەم مۇئەللىمگە قاراپ قويدى. رۇستەم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇئەللىم، يامغۇر توختىمايدىغان ئوخشايدۇ. گۈلنازنى مەن ئالغاچ كېتەيمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆيى بىزنىڭ بىنانىڭ قېشىدا.

— شۇنداقمۇ، — دېدى خەلچەم مۇئەللىم گۈلنازغا قاراپ، — رۇستەم بىلەن بىللە كېتەمسىز ياكى مەن ئاپىرىپ قويايمۇ؟

— رۇستەم ئاكام بىلەن بىللە كېتەي. ئۇلارنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيگە يېقىن، — دېدى گۈلناز مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— بوپتۇ، رۇستەم بىلەن بىللە كېتىڭ، ئۆيىڭىزگە كىرگۈزۈپ قويسۇن، — خەلچەم مۇئەللىم كۆڭلى بىر ئاز ئەمىن تاپقاندەك رۇستەمگە قاراپ دېدى، — زالغا چىقسام گۈلناز يالغۇز تۇرىدۇ. سىنىپتىكى باشقا باللار كېتىپ بوپتۇ. مەن گۈلنازنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويايمىكىن دەپ تۇراتتىم. بوپتۇ، گۈلنازنى سەن ئالغاچ كەت. يولنىڭ چېتىدە مېڭىڭلار، يۈگۈرمەڭلار، يوللار تېيىلغاق، يىقىلىپ چۈشىسىلەر.

گۈلناز رۇستەم بىلەن تەڭلا مۇئەللىمگە «ماقۇل» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە نەدىندۇر ئايشەم پەيدا بولدى. ئۇ قىزى گۈلنازنىڭ تېخىچە مەكتەپتىن كەلمىگىنىدىن ئەنسىرەپ ئۆيدىن چىقىپ كېلىشى ئىدى. ئايشەم گۈلنازنى كۆرۈپ يۈگۈرگەندەك كەلدى ـ دە، باغرىغا باستى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا كېچىكىپ كەتتىڭ، قىزىم؟ ھوي، سەن رۇستەمكەنسەنغۇ، قاراڭلار، ھۆل بولۇپ كېتىپسىلەر، تېزرەك ماڭايلى، — دېدى ئۇ ئىككى بالىنى يېتىلەپ.

ئايشەم ئىشىكنى ئېچىپ بالىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى، ئۇلارنى داستىخانغا باشلىدى. ئاندىن بايا ئېتىپ قويغان تاماقنى تاۋاقتا ئۇسۇپ ئەكىردى. رۇستەمنىڭ ئۆزىنى چەتكە تارتىپ: «تاماق يېمەيمەن، ئاپام ساقلاپ قالىدۇ» دېگىنىگە قارىماي ئايشەم ئۇنى ئوخشىغان ئىسسىق، گۆشلۈك پولۇنى يېيىشكە زورلىدى:

— ئال، بالام، تارتىنما، سەن يېمىسەڭ گۈلنازمۇ يېمەيدۇ. تامىقىڭنى يەپ بولغاندىن كېيىن سېنى مەن ئۆزۈم ئۆيۈڭگە ئەكىرىپ قويىمەن.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەيتتى يۇسۇپ مۇيەسسەرگە قاراپ، — بالا كېچىكسىمۇ مەندىن كۆرەمسەن؟ مەن ئۇنى ئويناپ كەل دەپ چىقىرىۋەتمىسەم...

— دادا بولغاندىن كېيىن گەپ قىلىڭ. ھەممە ئىشقا مەن يېتىشەلمىسەم. بىر بالىنى مەن باغچىدىن ئەكەلگەندىن كېيىن سىزمۇ بىرگە ئىگە بولۇڭ - دە.

— ھوي، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ، مۇيەسسەر؟ ئىگە بولماي نېمە قىپتىمەن. رۇستەم چوڭىيىپ بەشىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۆزى كېلەر دەپتىمەن. مۇنداق كېچىكىپ كېتىدىغىنىنى نەدىن بىلەي، ئىزدىدىمغۇ، تاپالمىسام قانداق قىلىمەن.

— يۈرگەن يېرىنى، ئويناپ يۈرگىنىنى ئۇقسىڭىزمۇ گەپ قىلمايسىز. ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپ يامان ئۆگىتىۋەتتىڭىز. مەن گەپ قىلسام ئارىلىشىۋالىسىز.

— ئارىلىشىدىغان يەرگە ئارىلىشىمەن. بىر گەپ بولسا سەن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەيلا بالىنى

ئۇرغىلى ئاران تۇرسەن، دائىم قامچاڭ قولۇڭدا!
— ئۇرىمەن، قانداق؟ — مۇيەسسەر بارغانچە كۆپكىلى تۇر-دى، ئىتتىك بېرىپ بايا تەييارلاپ قويغان ئۇزۇن چۆنقنى دېر-زىدىن ئېلىپ يۇسۇپكە كۆرسەتتى، — كۆردىڭىزمۇ، ئۇ گەپ ئاڭلىماسنى بۈگۈن تازا سالىمەن.
— تازا سال؟! ئۇرۇپ ئۆگەنگەندىن كېيىن...
يۇسۇپنىڭ كېيىنكى گېپىدىن كەيپى ئۇچۇپ ئۆزىنى باسال-ماي قالغان مۇيەسسەر ئەمدى پارتلاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى. يۇسۇپ دەرھال بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە سوم-كىسىنى ئاسقان ھالدا رۇستەم، ئۇنىڭ كەينىدىن قوشنىسى ئاي-شەم كىرىپ كەلدى.
— كېلىڭ، ئايشەم، يۇقىرىغا ئۆتۈڭ، — دېدى يۇسۇپ ئايشەمنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ. مۇيەسسەر دەرھال چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رۇستەمگە قاراپ قويۇپ ئاي-شەمنىڭ ئارقىسىدىن ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. ئۇلار ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئايشەم سۆز ئالدى:
— رۇستەم بالام چوڭ بوپتۇ، قىزىم گۈلنازنى مەكتەپتىن ئالغاچ كەپتۇ. ئويلىمىغان ئويلارنى ئويلاپ گۈلنازنى ئىزدەپ سىرتقا چىققانىدىم، نېرىدىن ئىككى بالا كېلىۋاتىدۇ، قارىسام گۈلناز بىلەن رۇستەم. كۆڭلۈم ئارام تېپىپ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى. بالام رۇستەمدىن، ئۆزىنى شۇنداق ياخشى تەربىيىلىگەن سىلەردەك ئاتا - ئانىسىدىن، ئۇستازلىرىدىن خۇش بولدۇم. رۇستەمگە رەھمەت، سىلەرگە رەھمەت...
— سىزگىمۇ رەھمەت، — دېدى يۇسۇپ، — بىزمۇ رۇس-تەمدىن ئەنسىرەپ تۇراتتۇق، بالىلارنىڭ بىللە كەلگىنى ياخشى بوپتۇ. ئۇلار ياخشى ئىش قىلسا ھەممىمىز خۇش بولۇشىمىز لازىم. شۇنداققۇ دەيمەن، — يۇسۇپ مۇيەسسەرگە قاراپ قويدى.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مۇيەسسەر باياتىن بېرى تۈتۈلۈپ كەتكەن يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆيۈملۈك ئۇستاز

تەلئەتنىڭ ھېسابلىشىچە، ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىگىنىگە ھازىر ئەللىك نەچچە يىل بولدى. لېكىن يىللار ئۇنىڭ قەلبىگە ھەر خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى نەقىش قىلىپ چەكتى. تەلئەت شۇ خاتىرىلەردىن بىرىنى — بالىلىق چاغلىرىدا ئۆتكەن بىر ئىشنى زادى ئۇنتۇمايدۇ. بۇ ئىش ئېسىگە چۈشكەندە تۇنجى مەكتىپى، سۆيۈملۈك ئۇستازى نۇردىن ئەپەندىم كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئوتتۇرا بوي، غوللۇق، ئاق سېرىق كەلگەن نۇردىن ئەپەندىنىڭ ئېغىر ـ بېسىق، خۇشخۇي، ئىسسىق چىرايى تەلئەتنىڭ ۋۇجۇدىنى ھارارەتكە تولدۇرۇپ، سېغىنىشىنى كۈچەيتىدۇ. بالىلىق چاغلىرىدىكى مەكتەپ ھاياتى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتىدۇ...

* *

ئاخىرقى كۈز كۈنلىرى، تەلئەتنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى سىنىپىدا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەلئەتلەر ئۈچدەرۋازىدىن شەھەرنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىغا كۆچۈپ كەلدى. تەلئەت نېمە ئۈچۈن دادىسىنىڭ بىر ئوبدان، يېڭى سېلىنغان قورۇ ـ جاينى سېتىۋېتىپ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇ ئۈچدەرۋازىدىكى شۆبە مەكتەپكە ئۆگىنىپ قالغان، ساۋاقداشلىرى بىلەن چىقىشىپ خېلى كۆپ دوستلارنى تېپىۋالغانىدى، بولۇپمۇ سىنىپ مۇدىرى نۇردىن ئەپەندىگە بەك ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا تەلئەتكە بۇ مەكتەپتىن

ئايرىلىش، بولۇپمۇ سىنىپ مۇدىرى نۇردىن ئەپەندىدىن ئايرىلىش — باغۋارانلىق، ئازادە، كۆركەم يېڭى ئۆيدىن ئايرىلىشتىنمۇ تەس كەلدى. ئامال قانچە؟ ئۇلار دادىسىنىڭ دەۋىتى بىلەنلا ناتونۇش، باشقىچە بىر يەرگە كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ يات يەرگە كۆچۈپ كەلمەي نېمە چارە؟ كۆچۈپ كەلمەسلىككە تەلئەت تۇرماق ئاپىسىنىڭمۇ ئامالى يوق. چۈنكى، ئاپىسى تەلئەتنىڭ دادىسىنىڭ گېپىنى يېرالمايتتى. بىر كۈنى تەلئەت ئاپىسىدىن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى سوراپ باقتى. لېكىن، ئاپىسى ئۇنىڭ سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمىدى. تەلئەت بۇ ئىشنى دادىسىدىنمۇ سوراپ كۆرمەكچى بولدى. بىراق، دادىسىنىڭ يېقىندىن بېرى باشقىچىلا بولۇپ قالغان چىرايىغا قاراپ سورىغۇسى كەلمىدى. قىسقىسى، دادىسىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشنى خالىمىدى. تەلئەت ئاخىر نۇردىن ئەپەندى بار شۆبە مەكتەپتىن مەركىزىي مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ چوڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىغا ھازىر ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ سىنىپداشلىرى، بولۇپمۇ بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ساۋاقدىشى ئامىنە بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇۋالدى. سىنىپ مۇدىرى ئىمىنجان ئىسىملىك مۇئەللىم بۇ سىنىپقا قوشۇمچە تىل - ئەدەبىياتتىن دەرس بېرەتتى.

تەلئەت ئۆي كۆچۈش داۋامىدا ئىككى كۈن دەرستىن قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىنىپنىڭ دەرسلىرى ئۇنىڭغا خېلىلا ئىلگىرى كەتكەندەك تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇ كەم قالغان دەرسلىرىنى تولۇقلاشقا كىرىشتى. ئۇ يەنە ئۆينىڭ بەزى ئىشلىرىنى قىلمىسا بولمايتتى، چۈنكى ئۆيدىكى بالىلارنىڭ چوڭى تەلئەت ئىدى. دادىسى يىراق بىر جايدا ئىشلەيتتى. ئاپىسى بولسا ئۆيدىكى سانسىز ئىشلاردىن قول ئۈزەلمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا سىرتتىن ئۆيگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى كۆپىنچە تەلئەت ئەكىرىپ بېرەتتى.

ئۆي بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرىدىغان ئاپىسى بۈگۈنمۇ دەھەر تۇرۇپ مەشنىڭ ئوتىنى تۈزەشتۈردى. چۆگۈنگە

www.uyghurkitap.com

سۇ تولدۇرۇپ، مەشىنىڭ ئۈستىگە قويدى. تەلئەتنىڭ ئاياغلىرىنى ئوتقا قاقلاپ، كىيىملىرىنى تەقلىدى، ئاندىن ئىسسىق ئۆيدە راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقان تەلئەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا دېدى:

— تەلئەت، تۇرغىن بالام، مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

تەلئەت ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى دەرھال ئاچالماي ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلدى - دە، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— قوپقىن، بالام، كىيىملىرىڭنى تېز كىيىپ سۈت ئەكىرىۋەتكىن. سەن سۈت ئەكىرگىچە چېيىڭنى تەييارلاپ تۇرىمەن، — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن ئاپىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ.

تەلئەت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشلىرىنى تۈگەتتى - دە، ئاليۇمىن سۈت قاچىسىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئەتراپ ئاپئاق قار. سوغۇق جاراڭشىپ تۇراتتى. تەلئەت تېز - تېز قەدەم تاشلاپ سۈت ساتىدىغان قورۇغا باردى. سۈتنى ئېلىپ ئۆيگە يانىشىدا شۇنداق مۇزلاپ كەتتىكى، قوللىرى سۈت قاچىسىغا چاپلىشىپ قالغاندەك سېزىلدى. ئۇ چىشىنى چىشىغا تىرەپ ئۆيگە كەلدى - دە، قاچىنى ئاپىسىغا بېرىپ، سوغۇقتىن مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى مەشكە قاقلىدى، بىردىنلا قوللىرى ئېچىشىپ كەتتى. تەلئەت قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇشىغا ئاپىسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بالام، بەك مۇزلاپ كەتكەن ئوخشايسەن - ھە، — دەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تەڭ ئۇۋۇلىدى، ئاندىن سوغۇق سۇ بىلەن يۈز - قولىنى يۇيغۇزۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نېمە بولدى؟ سۈتكە كېتىپ بەك ھايال بولۇپ قالدىڭغۇ، كەل، چېيىڭنى ئىچ، ئىسسىيسەن.

— ئۇلار تېخى كالىسىنى سېغىپ بولماپتىكەن، ساقلاپ تۇردۇم، — دېدى تەلئەت ئەتكەنچايغا چىلانغان ناننى چوكا بىلەن قىسىپ ئېلىۋېتىپ.

تەلئەت مەكتەپكە كەلگەندە باللار ئالىقاچان سىنىپقا كىرىپ بولغان، دەرسلەر باشلىنىپ كەتكەنىدى. تەلئەت نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي سىنىپنىڭ ئىشكى يېنىدا توختاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئالدىنقى كۈنىمۇ ھويلىسىدىكى قارلارنى تازىلايمەن دەپ دەرسكە كېچىكىپ قالغانىدى. بىردىنلا تەلئەت ئۆيگە قايتىپ كېتىش نىيىتىدىن ياندى ـ دە، ئىشكنى ئېچىپ سىنىپقا كىردى. ھەممىيلەن ئىشكتىن كىرىپ كەلگەن تەلئەتكە قارىدى. قىزىشقاندەك بۈگۈنكى بىرىنچى سائەتلىك دەرسمۇ ئىمىنجان ئەپەندىنىڭ دەرسى ئىدى. تەلئەت مەيۈسلەنگەن ھالدا بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، رەڭگىرويى تۇمۇردەك كۆكىرىپ كەتكەن ئىمىنجان ئەپەندىنىڭ چىرايىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. ئىمىنجان ئەپەندى دوسكا يېنىدىن تەلئەتنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۈگۈن يەنە نېمىدەپ كېچىكىپ كەلدىڭ؟!

— ...

— گەپ قىل، تاڭگا چىشلىۋالغان!

يۈزىگە تۈيۈقسىز تەگكەن شاپىلاق زەربىسىدىن تەلئەت تەمتىرەپ كەتتى. قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى چەكچىيىپ، قاپاقلىرى سىلىنىپ كەتكەن ئىمىنجان ئەپەندى تەلئەتكە قاراپ شالىسىنى چاچقىلى تۇردى:

— ھە، ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق يىغلايسەنغۇ تېخى. مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىمىساڭ كەلمىسەڭ بولمامدۇ؟ يىغاڭنى بېسىپ گەپ قىل! — ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە بىر كاچات سالدى، تەلئەتنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. قىزلار قورقۇشۇپ يەرگە قارىۋالدى. ئوغۇللار قاققان قوزۇقتەك قېتىشىپ قالدى. سىنىپنىڭ جىمجىتلىقىنى يەنە ئىمىنجان ئەپەندىنىڭ ئاۋازى بۇزدى:

— ماڭ، گەپ ئاڭلىماس لەقۋا، ئورنۇڭغا بېرىپ ئولتۇر! ئەمدى كېچىكىپ كېلىدىغان بولساڭ كۆتۈڭگە تېپىپ مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىمەن!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلئەت ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. قولىياغلىقى بىلەن بۇرۇن-لىرىنى سۈرتتى. ئىچىدە ئۆكسۈپ تۇرۇپ دەرسكە قۇلاق سالدى. كۆزى ئىمىنجان ئەپەندىدە. ئۇنىڭ بۇرۇنقى قارا قاش، قارا كۆزلۈك، چىرايلىق يۈزلىرى هازىر تەلئەتكە چۆچەكلەردىكى يال-ماۋۇزلارنىڭ تەلەتىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. بۈگۈن تەلئەتنىڭ كۆڭلى مەكتەپتىن قايتقۇچە خىرە بولۇپ يۈردى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئويناپمۇ كەتمىدى. دەرستىن چۈشكەندە بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ساۋاقدىشى ئامىنە بىلەن بىللە ئۆيگە قايتتى. يولدا ئامىنە ئۇنىڭغا خېلى كۆپ تەسەللى بەردى. تەلئەت ئۆيگە كېلىپ چېيىنى ئىچتى، ئاندىن تاپشۇرۇقىنى ئىشلىدى. ئاپىسى ئوغلىنىڭ روھىنىڭ چۈشكۈنلۈكىنى سېزىپ سوراپ باق-ماقچى بولدى، بىراق «ئۆزى ئېيتار» دەپ سورىمىدى.

تەلئەت كەچتە ئورنىغا بۇرۇنلا كىرىپ يېتىۋالدى، ئەمما خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. ھە دېسە خىيالىغا بۈگۈن ئەتىگەنكى ئىشلار، ئىمىنجان ئەپەندىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازى كىرىۋېلىپ بەدەنلىرى شۈركۈندى، پۇت - قوللىرى مۇزلاپ، نەپىسى قىسىل-غاندەك بولدى. ئۇ، بۇ ناخۇش ئىشنى ئويلىماسلىققا تىرىشىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. خىياللىرى يەنە قاناتلىنىپ بۇرۇن ئوقۇغان مەكتىپىگە كەتتى: كۆز ئالدىدا ئالدى بىلەن نۇردىن ئەپەندى گەۋدىلەندى. بۇ تونجى سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىسسىق، خۇشخۇي چىرايى قەلبىنى ئىللىتقاندەك، خاپىلىقلىرى-غا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، ئۇنى ئۈمىدلىك، روھلۇق بولۇشقا دەۋەت قىلىۋاتقادەك تۇيۇلدى. تەلئەتنىڭ شۆبە مەكتەپتىكى ۋاق-تىدا نۇردىن ئەپەندىنىڭ بىباھا ئەجرى ۋە تەربىيىسى بىلەن ئوقۇشتا ئەلاچى، سۆز مۇسابىقىسى ۋە باشقا پائالىيەتلەردە بىرىن-چى بولۇپ مۇكاپات ئالغانلىرى، نۇردىن ئەپەندىنىڭ ئۇنى كۈلۈم-سىرەپ سەممىي تەبرىكلىگەنلىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بۇ چاغدا تەلئەتنىڭ يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ، ۋۇجۇدى ئىسسىق ھارارەتكە تولدى، ھۆرمەت تۇيغۇسى، سېغىنىشى كۈچى-يىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

* *

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ھەممە ياق يېشىلچىلىق. ھويلا ـ ئارام ۋە باغلاردىن گۈللەرنىڭ، يېڭى پىشقان ئۆرۈكلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. بۈگۈن «مۇرات» مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇۋاتاتتى. بۇ پائالىيەتكە شەھەردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى، جۈملىدىن مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قاتناشقانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ پائالىيەتنىڭ يەنە بىر تۈرى — سۆز مۇسابىقىسى باشلاندى. مۇسابىقىدە ئالدى بىلەن «ئۈمىد» مەكتىپىنىڭ ئالتىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى تەلئەت سەھنىگە چىقتى. ئۇ كۆپچىلىك ئالدىدا شۇنداق جانلىق، تەسىرلىك، تەبىئىي سۆزلىدىكى، مەيداننى ئىختىياسىز ئۇزاققىچە چېلىنغان چاۋاكلار تىترىتىۋەتتى. تەلئەتنىڭ ئاغزىغا قاراپ تىكىلىپ قالغانلار ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق، جەزبىدار سۆزىدىن قايىل بولۇپ ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپمۇ ئالدى.

— بۇ بالا قالتىس سۆزلىدا، چۈشتىن بۇرۇنقى ناخشا مۇسابىقىسىدە ئۇ «ئۈمىد» مەكتەپ بالىلىرى ئورۇندىغان ناخشىغا بەك ياخشى دىرىژورلۇق قىلغانىدى. كۆزۈمگە تونۇشلا كۆرۈنىدۇ، بىراق ھېچ ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن؟— دېدى «مۇرات» مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىمىنجان ئەپەندى يېنىدا ئولتۇرغان «ئۈمىد» مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سادىق ئەپەندىگە، — كىم ئۇ؟ بايا ئىسمىنى ئېيتقاندا دىققەت قىلماي قاپتىمەن؟

— سەن بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىش ئالدىدا ماڭا: «دائىم كېچىد-كىشنى بىلىدۇ، دەرسنى بىلمەيدۇ» دەپ گېپىنى قىلىپ بەرگەن بالا شۇ. ئىسمى تەلئەت. ئېسىڭگە كەلگەندۇ؟— دېدى سادىق ئەپەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تەلئەت؟! — ئىمىنجان ئەپەندى شۇنداق دېدى - دە، «ئۈمىد» مەكتىپىنىڭ ئۈچىنچى سىنىپىدىكى باللارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ خىيالدىن ئويغانغاندەك بىردىنلا سادىق ئەپەندىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇنداق دېگىن، مېنىڭ سىنىپىمدىكى ھېلىقى تەلئەت شۇ ئىكەن - دە. بەك ياخشى ئىلگىرىلەپتۇ جۇمۇ ئۇ؟

— بۇنى بىر دېمە. ئۇ شۆبە مەكتەپتىن چوڭ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىشنىڭ ئالدىدا ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئەلاچى بولۇپ كەلگەنىكەن. چوڭ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن يىلى بىر ئاز قېقىلىشقا ئۇچرىغان چېغى. ئۇ ھازىر مەكتەپ بويىچە ئەلاچى. سەن ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ قالغان ئوخشايسەن. بىر قېتىم ئۇ مەندىن: «ئىمىنجان ئەپەندى كۆرۈنمەيدىغۇ، نېمە بولدى؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن: «باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتتى» دېگەندىم، «ھە» دەپ يېنىككىنە تىنىپ قويدى.

ئىمىنجان ئەپەندىنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋالقى ئوقۇغۇچىسى تەلئەت ئەمدى گەۋدىلىنىپ كەلدى. تەلئەت دەرسكە كېچىكىپ قالغاندا ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىلىرى يادىغا يېتىپ بەدەنلىرى سوغۇق تەر ئىچىدە قالدى... خىجىلچىلىقتا نېمە قىلىشنى بىلمەي، كۆز يۈگۈرتۈپ تەلئەتنى ئىزدەشكە باشلىدى. تەلئەت ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا سەھنىگە قاراپ خۇشخۇي، كۈلۈپ ئولتۇراتتى. يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقدىشى تەلئەتنىڭ يېڭىدىن تارتتى:

— قارا، ئاۋۇ ئىمىنجان ئەپەندىغۇ؟

— ئىمىنجان ئەپەندى؟!

— راست شۇ ئىكەن، بىزگە قاراۋاتىدۇ. قارىغىنا، سادىق ئەپەندىلەر بىللە ئولتۇرىدۇ...

تەلئەت دەرھال ساۋاقدىشى كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئىمىنجان ئەپەندىنى تونۇدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ھېلىقى

كۇنلەر — چوڭ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلار،
تاياق، دەشنام يېگەنلىرى كەچتى، تەنلىرى شۇركۇندى. ئۇ كۆز-
لىرىنى ئىمىنجان ئەپەندىدىن يۆتكەپ يىراقلارغا تىكتى. كۆز
ئالدىدا يەنە تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى — سۆيۈملۈك نۇردىن ئەپەندى
گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ ئىسسىق چىرايى، خۇشخۇي، ئېغىر - بې-
سىق تۇرقى، سەمىمىي پەزىلىتى تەلئەتكە داۋاملىق كۈچ - قۇۋ-
ۋەت، ئۈمىد بېغىشلاۋاتقاندەك، ئۇنى تىرىشىپ ئوقۇپ مەڭگۈ
ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلىۋاتقاندەك سېزىلدى. ئۇ خىيالدىن ئوي-
غىنىپ ئەتراپىدىكى شاد - خۇرام ساۋاقداشلىرىغا نەزەر سالدى.
كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر خۇشاللىقنىڭ، غۇرۇرنىڭ تەپتى، ئاتا -
ئاتا ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئاقلاش ئىرادىسى كۈچەيدى.



# ساۋاق

ئەكرەم — ئۆيدىكى بالىلارنىڭ چوڭى. ئۇ بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئاتا - ئانىسى ئەكرەمنىڭ ئوقۇشىدىن رازى. ئۇ ھەر يىلى دېگۈدەك ئوقۇشتا ئەلاچى، ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى بىلەن ئىناق. شۇڭلاشقا ئۇنى ئۆيدىكى ئۇكىلىرىلا ئەمەس، ھەتتا مەھەللىدىكى بالىلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭسىز ئويۇن ئوينىمايدۇ. ئەكرەم قانداق ئويۇن ئوينايمىز دېسە ئاغىنىلىرى «ياق» دېمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تەشكىللىشىگە بويسۇنىدۇ. مەھەللىدىكى بالىلار ئەسكەر بولۇپ ئوينىغاندا كوماندىرلىقنى ئەكرەم ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئەكرەم بۈگۈن مەكتەپتىن كېلىپ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولۇپ تۇراتتى، مەھەللىدىكى ئىككى دوستى ئۆيگە كىرىپ، ئۇنى ئويناشقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئەكرەملەرنىڭ ئۆيىدىن ئەللىك مېتىر يىراقلىقتىكى قورۇققا باردى. بۇ ئەتراپى سوقما تام ۋە ئۆيلەر بىلەن ئورالغان بوشلۇق ئىدى، مەھەللىدىكى بالىلار مەكتەپتىن قايتقاندا ياكى دەم ئالغان چاغلىرىدا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئەسكەر بولۇپ ئوينايتتى ياكى قاشقانچۇق ئوينايتتى. بەزىدە بۇ يەردە پۇتبول ئويۇنىمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئەكرەملەر بۈگۈن بۇ يەردە كوماندا تەشكىللەپ پۇتبول ئويناشقا باشلىدى. ئويۇن قىزىپ، كۆرگۈچىلەر كۆپەيگىلى تۇردى. شۇ ئارىلىقتا ئەكرەمنىڭ ئۇكىسى ئەدھەم ئۆيدىن كېلىپ:

— ئاكا، سېنى دادام چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ توۋلىدى ئۇ ئوڭ ئالىقىنىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ.

ئەكرەم نېمە ئىشلىقىنى ئۇكىسىدىن سوراپ ئولتۇرمايلا دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى ـ دە، ئۆيگە قايتتى. ئەدەممۇ ئاكىسىدىن قالماي يېنىدا بىللە ماڭدى. ئۇلار ئۆيگە قانداق كىرىلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

— ھە، كەلدىڭمۇ، ئوغلۇم، — دېدى پېشايۋانغا قويۇلغان شىرەدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان دادىسى دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ئەكرەمنى كۆرۈپ، — مەن بايا باغقا كىرىپ، يەرگە چۈشكەن ۋە پىشىپ كەتكەن ئالمىلاردىن بىر سېۋەت يىغىپ قويدۇم. كوچىغا ئاچىقىپ سېتىپ كېلەمسەن؟ مېنىڭ بىرئاز ئىشىم بار، بولمىسا ئۆزۈملا ئاچىقىپ سېتىۋېتىپ كېلەتتىم.

— ماقۇل، سېتىپ كېلەي، — مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى ئەكرەم.

ئەكرەم يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، دوستلىرى بىلەن چىۋىقلارنى ئات قىلىپ ئەسكەر بولۇپ ئوينىغاندا، سەپنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ «ئەسكەر» لەرگە ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورۇندىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى. ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندىغان بالىنى ماختايتتى، ۋاقتىدا ئورۇندىمىغان بولسا سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرەتتى، چۈشەندۈرەتتى... ئەكرەمنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن، دوستلىرى ئارىسىدا يۈرگۈزگەن بۇ ئىنتىزام، قائىدىلىرى دوستلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنتىزامچان، تەشكىلچان مىجەزىنى يېتىشتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن مەكتەپتە ياخشى سىنىپ كادىرى، ئويۇن ئوينىغاندا ياخشى كوماندىر بولۇشۇم ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئىنتىزامچان بولۇشۇم كېرەك» دەيتتى ئىچىدە. شۇڭا، ئۇ مەكتەپتە بولسۇن، ئۆيدە بولسۇن، ھەرقانداق ئىشقا تەييار تۇراتتى، قانداق ئىش تاپشۇرۇلسا باش تارتماي دەرھال ئورۇنداشقا تىرىشاتتى.

ئەكرەم دادىسىغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئالما قاچىلانغان سې-

ۋەتىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇشىغا دادىسى يەنە گەپ قىستۇرۇپ قالدى:

— راست، تاپشۇرۇقۇڭچۇ، تايىنلىق ئىشلەپ بولدۇڭ، بۇنى بىلىمەن. قورسىقىڭ ئاچ بولسا چاي ئىچىۋېلىپ ماڭساڭمۇ بولىدۇ، ئالدىرىما.

— ئىچمەيمەن، قورسىقىم توق. ئالمىنى كىنوخانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ساتىمەن.

— بوپتۇ، — دېدى دادىسى، — سېۋەتتىكى ئالما مەنچە ئون سومغا يارايدۇ. خېلى كۆپ ئالما ئۇ. يولدىن ئۆتكەندە دىققەت قىل، ماقۇلمۇ، بالام. ھە راست، ئالمىنىڭ پۇلىغا بىر ئاز چاي، تۇز ئېلىپ كەل. ئاپاڭ يەنە سوققان مۇچتىن ئالغاچ كەلسۇن دەۋاتاتتى، ئۇنتۇپ قالما - ھە؟

— ئاپام قېنى؟ مۇچتىن قانچىلىك ئالىدىكەنمەن؟ — سورىدى ئەكرەم.

— ئاپاڭ قوشنىلارنىڭكىگە ىېقىپ كەتكەن. مۇچتىن بىرەر سوملۇق ئالساڭ بولار، — جاۋاب بەردى دادىسى.

ئەكرەم دادىسىنىڭ گەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى، ئاندىن ھېلىقى ئالما سېۋىتىنىڭ بېغىنى بىلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ دەرۋازىدىن چىقتى. دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ چوڭ كوچىغا كەلدى. كوچا سۇ چېچىلىپ سۈپۈرۈلگەن، توپا - چاڭلار بېسىلغان، يول بويىدىكى دەرەخلەر يەرگە قويۇق سايە تاشلاپ ھاۋانى سالقىنلاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازنىڭ يېنىك، لەرزان شامىلى يۈزلەرنى سىيپاپ، دىللارغا زوق بېغىشلايتتى. ئەكرەم تېز - تېز قەدەم بىلەن ئۇدۇل يازلىق كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولنىڭ چېتىدىن مۇۋاپىق بىر ئورۇننى تاللاپ، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويدى.

كىنوخانا ئەتراپىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىيقاس - چۇقانلار — مېۋە - چېۋە، سامسا، كاۋاپ ساتقۇچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلىغان ئاۋازلىرى رادىئو، ئۈنئالغۇلاردىن چىقىۋاتقان ناخشا -

سازلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئەتراپنى جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمدۈرگەنىدى. ئەكرەم ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ ئالدىدىن ئۆتكەنلەرنى ئالما ئېلىشقا ئۈندىدى. ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، ئالمىسىنىڭ رەڭدارلىقى، ئەرزانلىقى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ دىققىتىگە، ھېچبولمىغاندا يېقىن كېلىپ قاراپ قويۇشلىرىغا سەۋەب بولدى. بىرنەچچە ئادەم ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ئالمىمۇ سېتىۋالدى. ئۇزاق ئۆتمەي سېۋەتتىكى ئالمىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈگىدى. سېتىلغان ئالمىنىڭ پۇلىنى ئەكرەم ئىچىدە ھېسابلاپ باقسا، ئالتە سوملۇق ئالما سېتىپتۇ. ئەكرەم كۈتۈپ باقتى، «ئالما ئېلىڭلار، ئالما...» دەپ ۋارقىراپمۇ باقتى. كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. ئاخىر ئەكرەم ئېشىپ قالغان ئالمىلىرىنى يېنىدىكى باھا تالىشىپ تۇرغان كىشىگە ئىككى سومغىلا ھېرىۋەتتى - دە، قۇرۇق سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كىنوخانا ئالدىدىن قايتتى. يولدا ئۇ بەش سومنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، قالغان ئۈچ سومغا چاي، تۇز ۋە سوققان مۇچ ئالدى.

ئەكرەم ھويلىغا كىرگەندە دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى چۈشۇپ تۇراتتى. ئەكرەمنى كۆرۈپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزلىرىدە خاتىرجەملىك ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى.

— كەل، ئوغلۇم، ئالمىلارنى سېتىپ بولغان ئوخشىماسەن؟ — دادىسى مەمنۇن بولغان ھالدا سورىدى - دە، ئۇنى گەپكە تۇتماقچى بولدى.

— تامىقىنى يەۋالسۇنچۇ؟ — دېدى ئانىسى ئەكرەمنىڭ دادىسىغا. ئاندىن ئەكرەمگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزمۇ تاماققا ھازىر ئولتۇرۇشىمىز، كەل، قولۇڭنى يۇيۇپ تامىقىڭنى يە، بالام.

داستىخان يېغىشتۇرۇلدى. ئەكرەم دادىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ئالمىنى قانداق، قانچىگە ساتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— شۇنداق قىلىپ ئالمىنى ئون سومغا ساتتىم دېگىن، —

دېدى دادىسى ئەكرەمنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

ئەكرەم «ھە» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، باشقا گەپ ـ سۆز قىلماي، يانچۇقىدىن بەش سومنى ئېلىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن قالغان «بەش سوم» غا قانچىلىك چاي، تۇز، مۇچ ئالغانلىقىنى «ئىنچىكە» ھېسابلاپ بەردى. دادىسى ئوغلىنىڭ ھېسابىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ كۆرۈپ بەش سومنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىدى.

— ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ بەش سومغا توشمايدىغۇ ياكى دۇكاندارلار ساڭا نەرسىنى كەم بېرىپ، پۇلنى ئارتۇق ئېلىۋالدىمۇ؟— دېدى ئۇ ئەكرەمنىڭ ھېسابىنىڭ توغرا چىقمايۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ.

ئەكرەم بايىقى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. دادىسى بالىسىنىڭ گېپىنىڭ قولاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ بىرئاز چېچىلدى:

— بالام، راستىڭنى ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ قارا، ھېسابلىرىڭ ئىز بېسىپ تۇرالمايۋاتىدۇ. ئەگەر پۇلدىن بىرئاز خەجلىگەن بولساڭ خەجلىدىم دېگىن.

ئەكرەم ئالما ساتقان پۇلدىن خەجلىمىگەنلىكىنى ئېيتىپ دادىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى. دادىسى ئەكرەمگە: «ئەمىسە ھېسابىڭ نېمە ئۈچۈن توغرا چىقمايدۇ» دېگەندەك قادىلىپ ئولتۇراتتى.

ئەكرەم راستىنلا سېتىلغان ئالمىنىڭ پۇلىدىن بىر تىيىننىمۇ خەجلىمىگەن، ئېلىۋالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى ئۈچ سوملۇق نەرسە بولۇپ، بۇنى ئۇ دادىسىغا بەش سوملۇق نەرسە قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئارقىلىق ئەكرەم ئون سومنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى، بۇنىڭ بىلەن دادىسىنى خۇش قىلماقچى، ئۆزىنىڭ سودا قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقان. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ چارىسى دادىسىنى ئىشەندۈرەلمىدى، قىسقىسى ئاقمى-

دى. قاراپ تۇرۇپ ئەكرەم ئۆزىگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالدى.
ئۆتكەندىمۇ بىر ئاغىنىسى دەرەختىكى قاغىغا تاش ئاتىمەن دەپ
سىنىپنىڭ دېرىزىسىنى چېقىۋەتكەندە، ئەكرەم مۇئەللىمگە:
«دېرىزىنى مەن سۇندۇرۇپ قويدۇم» دەپ دوستىغا يان باسقان-
دى. ھازىر شۇ ئىش ئېسىگە كېلىپ، تېخىمۇ قاتتىق ئويغا
پاتتى، ئويلىغانسېرى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي، يۈزلە-
رى قىزىرىپ، بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولدى. ئۇ كۆڭۈل-
چەكلىكىنىڭ زىيىنىنى چۈشەندى بولغاي، ئىككىنچى يالغان ئېيت-
ماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال
خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ دادىسىغا ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتتى.
دادىسى قانداقتۇر بىر رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ،
ئوغلىنىڭ كەمچىلىكىنى كەچۈرۈۋەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى

ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەن. كوچا ياقىلىرىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن يەرگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. نەدىندۇر كاككۇكنىڭ يېقىملىق ئاۋازى كېلەتتى. تالادىن كۆرە ئۆينىڭ ئىچى سالقىن ئىدى. مەردان مەكتەپتىن كېلىپ ئاپىسى چۈشتە ئېلىپ قويغان تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. سىرتتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەردان! ...

تۆۋەندىن توۋلانغان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ مەردان ئىچكەركى ئۆيدىن بالكونغا چىقتى. پەستە ساۋاقدىشى نۇرتاي تۇراتتى.

— نېمە بولدى، نۇرتاي؟ — ئۈنلۈك سورىدى مەردان.

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بالىلار كەپتۇ، پۇتبول ئوينايمىز دەيدۇ. چۈشە چاپسان، مەيدانغا بارىمىز.

— ئۆيگە چىقمامسەن؟ تاماق يەۋاتاتتىم، بىللە يەيمىز.

— ياق، كېچىكىپ قالىمىز، تېزرەك بول! مەھەللىدىكى بالىلار بىزنى ساقلاپ قالدى.

— بولىدۇ، هازىرلا چۈشىمەن، — مەردان شۇنداق دېدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بالكوندىن ئۆيگە كىردى. ئۇ ئەمدى ئاپىسىغا گەپ قىلاي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا ئاپىسى سوراپ قالدى:

— كىمكەن ئۇ، بالام؟

— نۇرتاي، — دېدى مەردان، — مېنى چاقىرىپ كەپتۇ.

مەكتەپكە بېرىپ پۇتبول ئوينايدىكەنمىز.
— تاماقنىغۇ تۈزۈك يېمىدىڭ. تاپشۇرۇقلىرىڭنى بولسىمۇ
ئىشلىۋېتىپ ماڭساڭ بوپتىكەن.
— تاپشۇرۇقمىنىڭ كۆپىنى مەكتەپتە ئىشلىۋالغان، قالغى-
نىنى كەچتە ئىشلەيمەن، — دېدى مەردان ئىشكاپتىن نېمىنىدۇر
ئىزدەپ.
— كەچتە تېلېۋىزور كۆرىمەن دەپ ئولتۇرارسەن؟! —
دېدى ئاپىسى ئۈستەلدىكى قاچىلارنى يىغىۋېتىپ.
— ۋاي، ئاپا، — دېدى مەردان پايپاق ۋە ئاياغلىرىنى يەڭ-
گۈشلەۋېتىپ، — تاپشۇرۇقمىنى كەچتە ئىشلەيمەن دېدىمغۇ؟
ئىمتىھانلىرىمىز يېقىنلىشىپ قالدى، بىرنەچچە كۈن تېلېۋىزور
كۆرمىسەم نېمە بوپتۇ. بۈگۈن پۇتبول ئويناشقا بارمىسام بولماي-
دۇ. بالىلار مېنى ساقلاپ قاپتۇ. تېزرەك ماڭاي، خوش، ئاپا!
— خوش، دېگىنىڭنى قىلماي قويمايدىغان بالا بولدۇڭ -
دە، بالام. بالدۇرراق يېنىپ كەل - ھە!
مەردان ئاپىسىنىڭ گېپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى
لىڭشىتتى - دە، ئالدىراپ ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدىن پەس-
كە قاراپ چۈشۈپ كەتتى.
مەردان بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتىنچى يىللىقىدا
ئوقۇيتتى، دەرسلەردە سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن
بىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىنىپ كادىرى، مەكتەپ پۇتبول
كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كوماندى-
نىڭ ھۇجۇمچىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇنى پۇتبول كوماندىسىدىكى-
لەرلا ئەمەس، مەكتەپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ كۆپى بىلەتتى، ئۇ-
نىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى؛ بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۇتبول ئويناشتىكى
چاققانلىقىنى ۋە ۋارىتاغا توپ كىرگۈزۈشتىكى چەبدەسلىكىنى
بەس - بەس بىلەن تىلغا ئالاتتى. بۈگۈن نۇرتاينىڭ ئۇنى ئىزدەپ
كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ شۇ ئىدى.

مەردان بىلەن نۇرتاي دەرھال مەكتەپ مەيدانىغا قاراپ يول ئېلىشتى. مەردانلارنىڭ ئۆيى بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى بەش يۈز مېتىرچە كېلەتتى. مەردان ئىتتىك كېتىۋېتىپ يېنىدىكى نۇرتايدىن سورىدى:

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بالىلار كەلگەندە سەن نەدە ئى- دىڭ؟

— سىنىپتا. تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولۇپ تازىلىق قىلىۋا- تاتتىم، غەيرەت كىرىپ كەلدى، — دېدى نۇرتاي، — ئۇ ماڭا يۇقىرىقى مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى، بىز بىلەن پۇتبول ئوينىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن دەرھال ئىشىمنى يىغىشتۇرۇپ مەيدانغا چىقسام بالىلار يىغىلىپ تۇرۇپتۇ، قارىسام سەن يوق. شۇنىڭ بىلەن ساڭا خەۋەر قىلغىلى كېلىشىم. قالغان- لار مەيداندا قالغان.

— ئەنۋەر، پەرھاتلارچۇ؟

— ئۇلارغا خەمىت خەۋەر قىلماقچى بولغانىدى، بۇ ۋاقىتچە ئۇلارمۇ كېلىپ بولغاندۇ. ئىشقىلىپ، مەھەللىمىزدىكى پۇتبول كوماندىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئىشتىن خەۋەر- دار، — دېدى نۇرتاي مەردانغا قاراپ.

ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپ مەيدانىغا يېتىپ كېلىش- تى. ئالدى بىلەن مەيدان تالлىنىپ، مۇسابىقە باشلىنىپ كەتتى. ئويۇن قىزىغانسېرى تاماشىچىلارمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. مەردان بىرىنچى مەيداندىلا ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن قارشى تەرەپ- نىڭ ۋارىتاسىغا بىر توپ كىرگۈزدى. مەيداندا «يارايسەن، مەردان!»، «غەيرەت قىل، مەردان!» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى، ئۇزۇلمەي چاۋاكلار چېلىنىپ تۇردى. ئارقىدىنلا يۇقىرىقى مە- ھەللە كوماندىسىدىكىلەر بىر توپ كىرگۈزۈۋالدى. مۇسابىقە تې- خىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئىككىنچى مەيداندا ئەنۋەر يۇقىرىقى مە- ھەللە كوماندىسىنىڭ ۋارىتاسىغا بىر توپ كىرگۈزدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەردان يەنە بىر توپ كىرگۈزدى. شۇنداق قىلىپ،

ئۇچتە بىر نەتىجە بىلەن مۇسابىقە ئاخىرلاشتى. مۇسابىقىدە مەر-
دانلار ئۇتۇپ چىقتى. ئۇلار قىزغىن ئالقىشلار بىلەن تەبرىكلەن-
دى. ئىككى كوماندا ئەزالىرى ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
شۇنىڭ بىلەن توپ كۆرۈشكە يىغىلغانلارمۇ، مۇسابىقىگە چۈشكەن-
لەرمۇ ئۆز جايلىرىغا قايتىشقا باشلىدى. مەردان ساۋاقدىشى (بىر
تام قوشنىسى) جۇرئەت بىلەن ئۆيگە كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ قاتتىق
ئۇسساۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ چاغدا يېنىدا پۇل بارلىقى
ئېسىگە چۈشۈپ چوكامۇز يېگۈسى كەلدى.

— جۇرئەت، مەن بەك ئۇسساپ كېتىۋاتىمەن. قارا، ئاۋۇ
چەتتە چوكامۇز ساتقۇچى تۇرىدۇ. يۈرە، ئاشۇ ياققا ئۆتۈپ چوكا-
مۇز ئېلىپ يەيلى. يېنىمدا پۇل بار، ئىككىمىزگە يېتىدۇ، —
دېدى مەردان دوستىنى ماقۇل بولۇشقا ئۈندەپ.

جۇرئەت ساۋاقدىشى مەردانغا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق
بىلدۈردى. مەردان بىلەن جۇرئەت يولنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە
ئۆتمەكچى بولدى. ئۇلار يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا
مەردان يان كوچىدىن ئىتتىك چىقىپ كەلگەن ۋېلىسىپىتكە ئۇرۇ-
لۇپ يەرگە قاتتىق يىقىلدى؛ بىر چاغدا ئۇ قولى ۋە پۇتىنىڭ
قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەي ئىڭرىدى، پەرياد
قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنى يىقىتىۋەتكەن ۋېلىسىپىتلىك كىشى دەر-
ھال مەردانىنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى، بىراق تۇرغۇزالمىدى.
ئەتراپقا كىشىلەر ئولاشقىلى تۇردى. ئۇلاردىن كىمدۇر بىرىنىڭ
مەسلىھەتى بىلەن ۋېلىسىپىت ئىگىسى مەردانىنى كۆتۈرۈپ دوخ-
تۇرخانىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنى يولۇچىلاردىن بىرى
يېتىلەپ ئارقىدىن ماڭدى. ئۇلار دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە
كۈن تاغ كەينىگە ئۆتكەنىدى.

* *

«مەردان بالام نېمە بوپتۇ؟ قېنى، مېنىڭ ئۇ بالام؟...»
دېگىنىچە دوختۇرخانىنىڭ تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئالدىراپ

www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەلدى مەردانىنىڭ ئاپىسى سائادەت. ئۇنىڭ يېنىدا قوشنىسىنىڭ ئوغلى جۇرئەتمۇ بار ئىدى. دوختۇرخانىدىكىلەر مەردانىنىڭ ئاپىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. سائادەت مەردانىنى كۆرۈپ دەرھال يېنىغا باردى. مەردان يۇزلىرى تاتارغان، ماڭلايلىرىدىن تەر تەپچىرىگەن ھالدا كارىۋاتتا ياتاتتى.

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟ يۇزلىرىڭ تاتىرىپلا كېتىپتىغۇ، نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپ سوراپ كەتتى سائادەت مەردانىنىڭ پېشانىلىرىنى سىيپاپ. سۆڭەك بۆلۈم دوختۇرى سائادەتنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدى:

— سىڭلىم، بالىڭىز ۋېلىسىپىتكە ئۇرۇلۇپ قاتتىق يىقىلىپ كېتىپتۇ. ئوڭ قولى بىلەكتىن سۇنۇپتۇ، ئوشۇقىغا دەز كېتىپتۇ. مېنىڭچە، ئوغلىڭىز دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانسۇن، پۇت - قوللىرىنى رەسىمگە ئېلىپ بولدۇق، ئەمدى تاڭىمىز. بالىدىن ئەنسىرىمەڭ، چوڭ خەتەر يوق. بالىنىڭ داۋالىنىشىغا ئوبدان ماسلىشىپ بېرىڭلار. دوختۇرخانىدا ئىككى ھەپتىچە ياتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆيدە مەلۇم ۋاقىت دەم ئېلىشى كېرەك.

— بولىدۇ، دوختۇر. مېنىڭ مۇشۇ بىر تاللا ئوغلۇم بار، ياخشىراق داۋالاپ قويۇڭلار. قانچە پۇل كەتسىمۇ مەيلى، ئامالىنى قىلىمىز. بۇ ئىشنى دادىسى ئۇقمىدى، ئۇنىڭمۇ بازاردىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى...، — كۆزلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتتى سائادەت.

— بولدى، غەم قىلماڭ، — دېدى ۋېلىسىپىت ئىگىسى سائادەتكە قاراپ، — قانچە پۇل كەتسە مەن كۆتۈرىمەن. ئەيىب مەندىن ئۆتتى، بالىڭىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا مەن سەۋەبچى...

— يىغلىماڭ، سائادەت ھەدە، مەردانغا بىز ياردەملىشىمىز، ئۇنى يوقلاپ تۇرىمىز، دەرسلىرىگە يېتىشىۋېلىشىغا ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز، — دېدى جۇرئەتنىڭ يېنىدا قاچاندۇر پەيدا بولغان نۇرتاي قولىنىڭ كەينى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ.

مەردانىنىڭ كېسەلخانىدا يېتىش رەسمىيەتلىرى ئۆتەلدى، ئاندىن ئۇ نوسىلكىدا كېسەلخانىنىڭ سۆڭەك بۆلۈمىگە ئېلىپ چىقىلدى...

* *

— ئاپا، ئاپا، — دەپ توۋلىغىنىچە ئىنىسى كىرىپ كەلدى مەردان قولىدا نېمىنىدۇر تۇتقان هالدا ۋارقىراپ.

— كەيپىڭ بەك چاغقۇ، بالام، بىزگە نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — ئوغلىغا سۆيۈنۈش بىلەن تىكىلدى كەچلىك تاماقنى كۆكتات توغراۋاتقان ئاپىسى.

— بۇگۈن بىزنى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەردى، كۆرسەت- كۈچلىرىمىزنىمۇ تارقىتىپ بەردى. مانا مېنىڭ كۆرسەتكۈچۈم. ماۋۇ نەرسىلەر ماڭا بېرىلگەن مۇكاپات، — دېدى مەردان ئويناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى بىلەن ئاپىسىغا قاراپ، — سىنىپ بويىچە مەن، نۇرتاي، ئامىنە، گۈلنۇر، جۇرئەت بەشىمىز ئەلاچى بوپتىمىز.

سائادەت ئوغلى مەردانىنىڭ قولىدىكى كۆرسەتكۈچنى ئېلىپ يېنىشلاپ قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ قېتىممۇ دەرسلەردىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈزلىرىدە شادلىق جىلۋە قىلدى. مەردانغا مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن ئىككى قېرىنداش بىلەن ئۈچ دەپتەرنى تۇتۇپ سىلاپ، ئوغلىنىڭ بۇدرۇق يۈزلىرىگە سۆيۈپ قويدى. سائادەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىق ياشلىرى ئوغلىنىڭ مەڭزىدىن تۆۋەنگە ساقىدى.

— ياخشى ئوقۇپسەن، ئوغلۇم. داداڭغا ۋە ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئاقلاپسەن. مەكتەپكە بىر ئايغا يېقىن بارالمىغان بول- ساڭمۇ دوستلىرىڭنىڭ ياردىمى بىلەن دەرسلىرىڭگە يېتىشىپ، يىللىق ئىمتىهاننى ياخشى بېرىپسەن. پۈتۈن خىيالىم سەندە

ئىدى، دادائىنىمۇ ئەندىشىدىن خالىي قىلدىڭ، بالام. سېنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ، دەرسلىرىڭنى تولۇقلاپ، باشقىلارغا يې-تىشىۋېلىشىڭغا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ساۋاقداشلىرىڭغا كۆپ رەھمەت.

— شۇنداق، ئاپا، مەن ھادىسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقاندا سىنىپ مۇدىرىمىز دىلنۇر مۇئەللىم مېنى يوقلاپ نەچچە قېتىم كەلدى. ساۋاقداشلىرىممۇ ئارقا - ئارقىدىن مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۆيگە چىققان چېغىمدىمۇ نۇرتاي، جۇرئەتلەر دائىم دېگۈدەك يېنىمغا كېلىپ، ئۆتۈلگەن يېڭى دەرسلەردىن مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇردى، بىللە دەرس تەييارلىدى. ئىمتى-ھان يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەردە ماڭا تېخىمۇ ھەمكارلىشىپ، يېڭى دەرسلەرنى ئۆزلەشتۇرۇۋېلىشىمغا كۆپ كۈچ چىقاردى. مانا شۇنداق جىددىي پەيتلەردە ماڭا ئۆزلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزگەن ساۋاقداشلىرىمغا، دوستلىرىمغا ئەلۋەتتە سېنىڭ ۋە دادامنىڭ رەھمىتىنى يەتكۈزىمەن. مەنمۇ ئۆز ياردىمىمنى ئۇلار-دىن ئايىمايمەن.

شۇ ئارىدا ئۆيگە مەردانىنىڭ دادىسى ساتتار كىرىپ كەلدى. ئۇ ئايالى بىلەن ئوغلى مەردانىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، ھاياجانلىق كەيپى-ياتىنى كۆرۈپ گەپ قىستۇردى:

— پاھ، بۈگۈن سىلەر باشقىچىلا خۇشقۇ؟

— دادا، قارا، مېنىڭ كۆرسەتكۈچىمنى؟ سەن مېنى ئەلاچى بولماي، ئىمتىھاندىن ئۆتسەڭلا بولدى دەۋاتاتتىڭ. يەنە ئەلاچى بوپتىمەن، — دېدى خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي مەردان.

— ئوھۇ، يارايسەن ئوغلۇم، — دېدى مەردانىنىڭ كۆرسەتكۈ-چىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈۋېتىپ ساتتار، — راستىنىلا ئەلاچى بوپسەن، سېنى تەبرىكلەيمەن.

— ماۋۇ مەردانغا بېرىلگەن مۇكاپاتكەن، — دېدى سائادەت قولىدىكى دەپتەر، قېرىنداشلارنى ساتتارغا كۆرسىتىپ.

ئاتا ـ ئانا ۋە بالا خۇشاللىقتىن نۇرلانغان كۆزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى. مەردانىنىڭ يۈزىدە شادلىق، كۆزىدە كېلەچەككە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد چاقناپ تۇراتتى.

— بالام، مەردان، — دېدى ساتتار قانداقتۇر بىر ئىپتىخار ۋە ئۈمىد بىلەن، — شۇنداق قىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپسەن، مانا ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيسەن. دېمەك، بارغانچە ئەقىلدىمۇ، بويدىمۇ ئۆسۈۋاتىسەن. دەۋر سەندىن خەلققە ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭنى كۈتىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلە، كىتابتىن ئايرىلما. ئوقۇشلىرىڭغا ئۇتۇق، كېلەچىكىڭگە بەخت تىلەيمەن.



# پەشمەت

يەرگە گۇگۇم چۈشكەن. ھويلا ئىچىنىڭ جىمجىتلىقىنى پەقەت ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى. سىرتتىن دەرۋازىنىڭ چېكىلـ-گەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دالان ئۆيدە كىيىم تىكىپ ئولتۇرغان ئاينۇر دەرۋازا چېكىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يان ئۆيدە دەرس ئوقۇ-ۋاتقان قىزىنى چاقىردى:

— ئادالەت!

— نېمە، ئاپا؟

— قىزىم، سىرتتا بىرى دەرۋازىنى چېكىۋاتىدۇ. چىقىپ قاراپ بېقىڭا، كىمكىن؟

ئادالەت ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا: «تايىنلىق، دادام؟» دېدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ دەرۋازا تۈۋىگە باردى، ئاندىن دەرۋا-زىنىڭ ئىچىدىن ئىلىنغان زەنجىرىنى چۈشۈرۈپ بىر قانىتىنى ئاچتى. ئۇ دەرۋازا يېنىـدا تۇرغان يوچۇن كىشـىنى كۆرۈپ سورىدى:

— كىمنى ئىزدەيدىلا؟

— ئابدۇرېشىتنى.

— دادام ئۆيدە يوق.

— نەگە كەتتى؟

— تاڭ.

— تاڭ دەيسىزغۇ؟ تاڭ* ئالغاچ كەلمەپتىمەن. كېيىنكى

---

* كەمپۈت دېمەكچى.

قېتىمدا ئالغاچ كېلەي، بولامدۇ؟ — دېدى ھېلىقى كىشى كۈلۈپ چىقىشىپ. ئادالەتمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— يۈرسىلە، ئۆيگە كىرسىلە؟

— رەھمەت، قىزىم، ئالدىرايمەن. دادىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتەي دېۋىدىم. ئۆيدە يوق ئىكەن. كېيىن كېلەي، — ئۇ كىشى شۇنداق دېدى - دە، يۈرۈپ كەتتى. ئادالەت دەرۋازىنى ئېتىپ ئۆيگە كىردى.

— كىمكەن، قىزىم؟ — سورىدى ئاينۇر ئادالەتنىڭ ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپ.

— دادامنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۆيگە كىرسىلە دېسەم، ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى دەپ كېتىپ قالدى.

— ئىسمىنى سورىمىدىڭىزمۇ؟

— سورىماپتىمەن.

— ئۆيگە بىرى كەلسە ئىسمىنى سورىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ، — دېدى ئاينۇر قىزىغا جېكىپ.

ئادالەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە، يان ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ سورىدى:

— ئاپا، دادام بۈگۈنمۇ كەلمىدىغۇ، نەگە كەتكەن؟

— داداڭ «ئىشىمىز بەك ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىللىق خۇلاسە چىقىرىۋاتىمىز» دەۋاتاتتى. شۇنىڭغا كەلمەيۋاتامدىكىن.

ئادالەت ئۈستەلگە كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاپىسى بار ئۆيگە چىقتى.

— تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولدۇم، ئاپا. ئەمدى تېلېۋىزور كۆرىمەن.

— بوپتۇ، كۆرۈڭ. ئاۋازىنى بوشراق قىلىڭ، — دېدى ئاينۇر ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

ئادالەت تېلېۋىزوردىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كارتون

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

فىلىمنى تېپىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئادالەت قىزىم، — دېدى ئاينۇر تاشقىرىقى ئۆيدىن كىرىپ، — كەچ بولۇپ قالدى. ئۇيقۇڭىز كەلگەن بولسا ئورنىڭىزنى سېلىپ يېتىپ تۇرۇڭ. مەن قولۇمدىكى كۆڭلەكنى تىكىۋېتەي، ئەتە ئىگىسى كېلىپ ئەكەتمەكچى ئىدى.

ئادالەت كارتون فىلىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ ياتتى. بىراق، دەرھال ئۇخلىيالمىدى. خىيالىغا دادىسى كىرىۋالدى: دادىسى ئىشتىن قايتقان چاغلىرىدا مېۋە - چېۋە ياكى پەشمەت ئالغاچ كېلەتتى. ئۇ پەشمەتكە بەك ئامراق ئىدى. شۇڭا دادىسىنىڭ قولىدىن پەشمەتنى ئېلىپ زوق بىلەن يەيتتى. دەرس تەييارلىغان چاغلىرىدا دادىسى تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ قول قويۇپ بېرەتتى، ئاندىن بىللە تېلېۋىزور كۆرەتتى. بۈگۈن مانا ئىككى كۈن بولدى، تاپشۇرۇقلىرىمۇ تەكشۈرۈكسىز قالدى. ئادالەت ئاشۇ خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ قاچان ئۇيقۇغا كەتكىنىنى سەزمىدى.

* *

— ئادالەت، ھېسابتىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەپسىز، بىراق دادىڭىزغا قول قويدۇرماپسىزغۇ؟ — دېدى رەيھان مۇئەللىم ئۇ ئولتۇرغان پارتىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— دادام بۈگۈنمۇ ئۆيگە قايتمىدى، شۇڭا قول قويدۇرالمىدىم.

— دادىڭىز بولمىسا ئاپىڭىزغا قول قويدۇرسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئاپام...، — ئادالەت شۇنداق دەپلا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. چۈنكى، ئۇ ئاپىسىدىن كۆرە دادىسىغا قول قويدۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. دادىسى ئاپىسىدەك ئالدىراپ - تېنەپ ۋارقىراپ

كەتمەيتتى، بەلكى تاپشۇرۇقلىرىنىڭ خاتا بولۇپ قالغان يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ قايتا ئىشلەتكۈزەتتى، چۈشەنمىگەنلىرى بولسا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى.

— نېمە؟ جىم بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ ئاپىڭىز قول قويۇپ بەرمەمدۇ؟

— مەن دادامغا قول قويدۇرۇپ كېلىۋاتاتتىم.

— ئاپىڭىزمۇ قانداق ئوقۇۋاتقىنىڭىزنى، نېمە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك - دە. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىڭىز يوق چاغلاردا ئاپىڭىز قول قويۇپ بەرسۇن، ماقۇلمۇ؟ — دېدى رەيھان مۇئەللىم.

ئادالەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، تاپشۇرۇق دەپتىرىنى سومكىسىغا سالدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە سائەت تۆتتىن ئاشقانىدى. ئادالەت چېپىنى ئېچىپ بولۇپ تالاغا چىقتى. دوستلىرى بىلەن ئويناپ چىراغ يېقىلغاندا ئۆيگە كىردى.

— نەگە باردىڭىز؟ كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — سورىدى ئاينۇر قىزىدىن بىر ئاز ئەنسىرىگەندەك بولۇپ.

— دوستلىرىم بىلەن ئوينىدىم. ھېرىپ كەتتىم، ياتىمەن، — دېدى ئادالەت ئورنىنى سېلىشقا تەمشىلىپ.

— دادىڭىزنى كۈتمەمسىز؟ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. تېخى ياتىدىغان ۋاق بولمىدىغۇ؟

— ...

— تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئىشلىمىگەنسىز تېخى.

— مەكتەپتە ئىشلىۋالغان، — دېدى ئادالەت.

— ئەمىسە دادىڭىزنى كۈتۈڭ، قول قويۇپ بەرسۇن.

— كۈتمەيمەن، ياتىمەن، — ئادالەت شۇنداق دېدى - دە، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ بېشىنى پۈركىۋالدى. ئاينۇر ئىچىدە: «بۇ بالىغا بۈگۈن نېمە بولدىكىنە؟» دەپ ھەيران بولۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ دەرۋازا چېكىلدى. ئاينۇر چىقىپ ئىد-
شىكنى ئاچتى. ئابدۇرېشىت قار يۇقى ئاياغلىرىنى قېقىپ ئۆيگە
كىردى - دە، كىيىمىنى قوزۇققا ئېسىۋېتىپ:
— ئادالەت ئۇخلاپ قالدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئاينۇر-
دىن.

— ھە، — دېدى ئاينۇر تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەسەي-
تىپ، — مىجەزى يوقمىكىن، ھېرىپ كەتتىم دەپ بالدۇرلا يېتى-
ۋالدىغۇ.

ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئاۋازىدىن ئەمدىلا ئۇخلىغان ئادا-
لەتنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى. ئۇ كۆزىنى يەنە چىڭ يۇمۇۋالدى.
ئابدۇرېشىت ئاستا قىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:
— ئادالەت، ئۇخلاپ قالدىڭىزما؟
— ...

— قوپۇڭ، قىزىم، تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى كۆرۈپ باقاي.
ئابدۇرېشىت قىزىدىن جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ئايالىغا
قارىدى:
— ئادالەت ئۇخلاپ قاپتۇ، ئويغانمايدىغاندەك قىلىدۇ. سىز
پەشمەتنى ئېلىپ كىرىڭا، ئىككىمىز يەۋېرەيلى، ئادالەتنىڭ يېگۈ-
سى يوق ئوخشايدۇ.
ئادالەت پەشمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېنىغا ئۆرۈلدى - دە،
كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان بولۇپ ئورنىدىن تۇردى:
— دادا، نەچچە كۈن بولدى كەلمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ يېنىدا
تۇرغان دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ.
— مېنى كۆرگۈڭىز كېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ - ھە،
قىزىم.
— ھەئە ... — دېدى ئادالەت كارىۋاتتىن چۈشۈپ سومكىد-
سىنى ئاختۇرۇپ، — مانا بۈگۈنكى تاپشۇرۇقۇم، قول قويۇپ
بەرگىن.

— مېنى ساقلاپسىز - دە. ئاپىڭىزغا قول قويدۇرغاچ تۇر-
سىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ئابدۇرېشىت بېشىنى ئاستا ئىككى ياققا
ئىرغىتىپ.

— ئاپامغا دېگىنىم بىلەن بەرىبىر ئۇنىمايدۇ. ئۆزۈڭ قول
قويۇپ بەر! — تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ سۆزلىدى ئادالەت.

— توۋا، ماۋۇ بالىنىڭ گېپىنى...، — دېدى ئاينۇر كۆزلى-
رىنى تېلىۋىزوردىن ئابدۇرېشىتقا يۆتكەپ.

— راستىقۇ، — دېدى ئادالەت قولىدىكى پەشمەتنى يە-
ۋېتىپ، — ئۆتكەندە تاپشۇرۇقىمغا قول قويۇپ بەر دېسەم، دادى-
ڭىز كەلگەندە قول قويۇپ بەرسۇن دەپ ئۇنىمىدىڭىزغۇ؟

ئابدۇرېشىت ئارىغا كىردى:

— بولدى، قىزىم، ئۆتكەنكى بىر ئىشقا تېخىچە باتناپ
يۈرەمسىز؟ باتناش ياخشى ئىش ئەمەس. بۇگۈنمۇ باتناپ يېتىۋال-
غان ئوخشايسىز، پەشمەت ئەكەلمىگەن بولسام ئورنىڭىزدىنمۇ
تۇرمايتتىڭىز، شۇنداققۇ دەيمەن؟! مەن يوق چاغلاردا تاپشۇرۇ-
قىڭىزغا ئاپىڭىز قول قويۇپ بەرسۇن، بولامدۇ؟

ئادالەت «ۋىللىدە» قىزىرىپ بىر دادىسىغا، بىر ئاپىسىغا
قارىدى. قولى بىلەن ئاغزىدىكى پەشمەت يۇقىلىرىنى سۈرتۈپ
تۇرۇپ دېدى:

— دادا، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن. ئاپامغا قول قويۇپ بەر دېسەم
ئۇنىمامدىكىن دەپتىمەن. ئەمدى سەن يوق چاغلاردا ئاپامغا قول
قويدۇرىمەن. مۇئەللىممۇ شۇنداق دېگەن.

— ھەببەللى، قىزىم، ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ، — دېدى
ئابدۇرېشىت مەمنۇنلۇق بىلەن، — سىز ياخشى ئوقۇسىڭىز ھەم-
مىمىز خۇش بولىمىز ئەمەسمۇ؟ قاراڭ، ئاپىڭىزمۇ ماقۇل بولۇپ
كۈلۈۋاتىدۇ.

ئاينۇر يولدىشىنىڭ گېپىنى ئەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشى-
تىپ قويدى، ئۇستەلدىكى تىزگىنەكنى قولىغا ئېلىۋېتىپ دېدى:

— بۈگۈن تېلېۋىزوردا غۇلجا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كونسېرتى كۆرسىتىلىدۇ دەۋاتاتتى، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟

بىردىنلا تېلېۋىزوردىن ناخشا ـ ساز ياڭرىدى. ئۆي ئىچى خۇشاللىققا چۆمۈپ، يۈزلەرگە كۈلكە يۈگۈردى. ئادالەت دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يېتىپ قالدى.



# تەلپۈنۈش

مەن باللىق چاغلىرىمنى ئويلىسام ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمغا تۇرپانيۇزى كېلىدۇ، چۈنكى مېنىڭ يازلىق تەتىل چاغلىرىم ئاساسەن ئاشۇ يېزىدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ مېھرى قەلبىمگە باللىقىمدىلا قوغۇشۇندەك قۇيۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، ھازىرمۇ يۈرىكىم ۋۇجۇدۇم شۇ يېزىغا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەنگە قەدەر مەن ھەر قېتىملىق يازلىق تەتىلنى تۇرپانيۇزىدە ئۆتكۈزەتتىم. غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق بۇ يېزىنىڭ ئىللىق، باياشات قوينىدا ھەپتىلەپ - ئايلاپ دەم ئېلىپ چەكسىز خۇشاللىقتا، ھاياتى كۈچكە تولۇپ، يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىش ئالدىدا شەھەرگە يېنىپ كىرەتتىم. شەھەردىكى ۋاقتىمدا بۇ قەدىردان يېزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئۇ يەردە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك، خۇشال كۈنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. بولۇپمۇ باھاردا، يازلىق تەتىل يېقىنلىشىپ قالغان ۋاقىتلاردا تۇرپانيۇزىنىڭ دىلنى مەھلىيا قىلىدىغان مەنزىرىسى — دەل - دەرەخلىك بوستان مەھەللىلىرى، گۈل - چېچەكلەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ھويلا - ئارامىلىرى، شېرىن مېۋىلەرگە تولغان باراقسان باغلىرى، كەڭرى كەتكەن ھوسۇلدار ئېتىزلىرى، كۆز يەتكۈسىز بىنەم، دالىلىرى؛ كوچا، مەھەللىلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان توپىلىق يوللىرى، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلىرى، نەلەردىدۇر چاڭىلداپ سايرىشىدىغان سازەندە قۇشلىرى؛ تېكساقال، پاقپاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىغىزلىرىنى ئىزدەپ، چىپچىشىپ ئويناۋاتقان گۈل - گىياھلارغا تولغان يېشىل ۋادىلىرى پات - پاتلا كۆز ئالدىمدا، بەزىدە چۈشلىرىمدە ئايان بولاتتى. شەھەردە بىرەر باغقا بارسام ياكى ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالسام، بۇ يەردىكى سېرىقچېچەك، لەيلىقازاق، رەيھان، كاككۇككۈللىرىنى، ئوت - چۆپلەرنى ۋە باشقا تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنى تۇرپانيۈزىدىكى مەنزىرىلەرگە تەقلىد قىلىپ، ئۇلارغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كېتەتتىم. شۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمگە تۇرپانيۈزى كۆرۈنۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى سېغىنىشنىڭ ھارارىتى ئۆرتەيتتى.

مانا شۇنداق چاغلاردا دادام ياكى ئاپام «سەھراغا چىقىمىز» دەپ قالسا خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم تېپىچەكلەپ، كۆزلىرىمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالاتتى. بۇ ئارزۇ ئەمەلگە ئاشقۇچە، بولۇپمۇ تۇرپانيۈزىگە قاراپ يولغا چىققۇچە تاقىتىم تاق بولۇپ، يېزىنى سېغىنىشلىرىم تېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئاخىر كۈتكەن كۈن، دەقىقىمۇ يېتىپ كېلىپ قالغاندەك ئىلىنىپ كېلەتتى...

تۇرپانيۈزىگە بىز كۆپىنچە خادىك ھارۋىدا، بەزىدە تۇغقانلار سەھرادىن ئېلىپ كىرگەن ئېرگولو* ھارۋىدا چىقاتتۇق. شۇ چاغلاردا كوچىمىزدا ياكى يېقىن ئەتراپتا بىرەر ئېرگولو ھارۋا پەيدا بولۇپ قالسا، «تۇرپانيۈزىدىن تونۇشلىرىمىز كىرگەن ئوخشايدۇ» دەپ ھارۋا يېنىدىن كېتەلمەي قالاتتىم.

ياز ۋاقتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىنى پۈتتۈرۈپ ئەمدى تەتىلگە چىققان كۈنلىرىمنىڭ بىرى. سىرتتا ئويناپ ئۆيگە كىرسەم ئاپام كىر يۇيۇۋېتىپتۇ. ئاپام مېنىڭ ئۆيگە كىرگىنىمنى كۆرۈپ:

— بالام، ئەتە سەھراغا چىقىدىغان بولدۇق. كۆڭلىكىڭنى سېلىپ بەر، يۇيۇپ قوياي، — دېدى. مەن قولاقلىرىمغا ئىشەنمەي، ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

---

* ئېرگولو — بىر ئات قوشۇلىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋا.

— ئاپا، راستلا ئەتە سەھراغا چىقامدۇق؟ — دەپ سورىدىم. ئاپامنىڭ «ھەئە» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدىم.

ئەتىسى چاي ۋاقتىدا بىزنىڭ دەرۋازىمىز ئالدىغا قوڭغۇراقلىق بىر خادىك هارۋا كېلىپ توختىدى. هارۋىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىم. بۇ كۈن مەن ئۈچۈن خۇددى بىر ھېيت بولدى دېسەممۇ بولىدۇ. خۇشاللىقىمدىن ماڭا قانات چىققاندەك پۇتلىرىم يېنىكلەپ، ئاپام بەرگەن ياستۇق، كۆرپىلەرنى ئۆيدىن ئاچىقىپ هارۋىكەشكە بەردىم. هارۋىكەش كۆرپىنى هارۋىنىڭ يۆلەنچۈكى بار تەرەپكە سېلىپ، ئۈستىگە ياستۇقلارنى تىكلەپ قويدى. هارۋىغا ئالدىدا ئاپام چىقىپ ئولتۇردى. ئاپامنىڭ يېنىدا ھەجەر بۇۋىدەم ئولتۇردى. مەن هارۋىكەشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالدىم.

هارۋا قوزغىلىشى بىلەنلا تەنلىرىم يايراپ، كۆزلىرىم ئويناپ، خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي قالدى. كۆزلىرىم يولدا. ئەتراپقا قىزىقىش بىلەن قارايمەن. ھەممە نەرسە ماڭا يېڭىدەك، مېنىڭ شادلىقىمغا ئورتاق بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. هارۋىغا قېتىلغان تۇلۇمدەك سېمىز، شاش تورۇق ئات ئالغا يۇلقۇنۇپ چاپماقتا. هارۋا ھەدەپ ئىلگىرىلىمەكتە. «ھە ـ ھۇ» دېگۈچە توغرىكۆۋرۈك، بويۇنكېسىك، يېڭىئاۋات، نىلقا مەھەللىلىرى ئارقىمىزدا قېلىپ، كېپەكيۈزگە كېلىپ قالدۇق. كېپەكيۈزدىنىڭ مەھەللە ئىچى گويا سۇ چېچىپ سۈپۈرۈپ قويغاندەك پاك ـ پاكىز، يولنىڭ ئىككى قېتىدىكى دەل ـ دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. كىشىلەر نېمىگىدۇر ئالدىراش. ئۇلاردىن بەزىلىرى بىزگە، بولۇپمۇ بىز ئولتۇرغان قوڭغۇراقلىق هارۋىغا زوق بىلەن قارىشىپ قوياتتى (ئۇ چاغدا يېزىغا شەھەردىن قاتنايدىغان بىردىنبىر قاتناش قورالى خادىك هارۋا ئىدى. ماشىنىلار بۇ يەردىن يىلدا بىرەر قېتىم ئۆتۈپ قالمىسا ماشىنا دېگەننى بۇ

www.uyghurkitap.com

يوللاردا كۆندە كۆرۈش يوق گەپ. شۇڭا، يېزىلىقلارنىڭ خادىك هارۋىلارغا قاراپ كېتىشلىرى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى)، بەزىلىرى شەهەردىن تونۇش - بىلىشىمىز چىقىپ قالدىمىكىن دېگەندەك بىزگە نېمىلەرنىدۇر ئىما قىلىپ، ئىسسىق چىراي ئېچىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى.

بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن هارۋىكەش:

— ئاقئۆستەڭگە كەلدۇق، — دېدى بىزگە قاراپ. دەرهال مەن بويۇنۇمنى سوزۇپ غۇلجىغا مەشهۇر بۇ ئۆستەڭگە زوق بىلەن نەزەر تاشلىدىم.

ئاقئۆستەڭ راستتىنلا غۇلجا تەۋەسىدىكى چوڭ ئۆستەڭ ئىدى. ئۇ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ، ئاخىرى ئىلى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

مەن بۇ ئەزىم ئۆستەڭگە تويماي قاراپ، ئۇنىڭ مۇنبەت بويلىرىدىن، هەيۋەتلىك كۆۋرۈكىدىن كۆز ئۈزمەي كېتىۋاتىمەن. هارۋا بولسا بىر خىل تېزلىكتە مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. مانا ئەمدى ئاقئۆستەڭدىن توغرائۆستەڭگە يېتىپ كەلدۇق. مەن هارۋىكەش بىلەن ئاپامنىڭ پارىڭىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتىمەن، چۈنكى ئۇلار يولنىڭ يېرىمىلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

— راست، «توغرائۆستەڭ» شەهەر بىلەن تۇرپانيۈزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدۇ - هە، — دېدى ئەتراپىغا قاراپ هەجەر بۇۋىدەم.

ئالدىمىزدا تېخىمۇ كەڭ كەتكەن پايانسىز دالا — بۇغداي، ئارپا، قىچا ۋە باشقا زىرائەتلەر بىلەن پۈركەنگەن مۇنبەت، بولۇق ئېتىزلار نامايان بولدى. نەغمىچى قۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ تورغاي، بۆدۈنىلەرنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، چېكەتكە، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرى توختاۋسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەهەردىكى ۋاقتىمدا بۇرنۇمغا هىدى كېلىدىغان گۈل - گىياهلارنىڭ، هەر

خىل چېچەكلەرنىڭ پۇراقلىرى ئەمدى بىۋاستە ئۇتلۇق نەپەسلى-
رىمنى كۆچەيتىپ، تەنلىرىمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يول بويلى-
رىدىكى سېرىقچېچەك، لەيلىقازاق، چىغىرتماق ۋە باشقا گۈللەر
كۆزلىرىمنى ئوتقاش گىلەمدەك قاماشتۇراتتى. يىراق - يېقىنلار-
دىن ناخشا ئاۋازى، دالا قۇشلىرىنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ
قالاتتى. مانا بىز ئەمدى غېنىبايىنىڭ بېغى (ئەنجان باغ) دىن
ئۆتۈپ، تۇرپانيۈزىنىڭ تۆۋەنكى مەھەللىسىگە يېقىنلىشىپ
قالغاندۇق.

بۇككىدە دەرەخلەرگە پۈركەلگەن تۆۋەنكى مەھەللە يىراقتىن
بىزگە ئۇپۇقتا تۇتاشقان قارا بۇلۇتتەك، كېيىن ئورماندەك
كۆرۈندى. ھارۋا مەھەللىگە يېقىنلاشقانسېرى كالىلارنىڭ مۆرەش-
لىرى، توخۇلارنىڭ قاقىلداشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يېزا
ھاياتىغا جۇشقۇنلۇق بېغىشلىغۇچى بۇ ئاۋازلار بىز ئولتۇرغان
ھارۋىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىغا قوشۇلۇپ مەھەللە ئىچىگە تېخىمۇ
ياڭراق تۇس كىرگۈزۈۋەتتى. تولۇمدەك سېمىز تورۇق ئات بوي-
نىدىكى قوڭغۇراقنى تېخىمۇ جاراڭلىتىپ، يۇلقۇنۇپ، بىزنى
بىردەمدىلا ئارا مەھەللىگە ئېلىپ كىردى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمى-
گەندەك ئاپامدىن:

— تۇرپانيۈزىگە كېلىپ قالدۇق - ھە! — دەپ سورىدىم
ھاياجانلىنىپ. ھارۋىدىكىلەر خۇشاللىقتىن بىر - بىرىمىزگە
قاراشتۇق. يۈرەكلىرىمىز ئويناپ، كۆزلىرىمىز ئەتراپقا قادال-
دى. مەھەللىدە ئويناپ يۈرگەن، ھەتتا چېقىر ئۇجمە دەرەخلىرى-
گە چىقىۋېلىپ ئۇجمە يەۋاتقان بالىلارمۇ بىزگە قارىشىپ قالدى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەن تاشمەھەممەتنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇمۇ
مېنى كۆرۈپ تونۇدى بولغاي، دەرھال ئۇجمە دەرىخىدىن يامىشىپ
چۈشۈپ، بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كەلدى.

دەرۋازا يېنىدىكى سۇپىلاردا ۋە دەرەخ سايىلىرى ئاستىدا
ئولتۇرۇشقان كىشىلەر «خۇش كەپسىلەر!» دېگەندەك بىزگە

www.uyghurkitap.com

قارىشىپ تەبەسسۇم قىلىشاتتى. ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست تۇرپانيۇزلىكلەرنىڭ شەھەرلىكلەرنى ئىسسىق چىراي ئېچىپ، قىزغىنداشلارچە كۈتۈۋېلىشلىرى مېنى ئاللىقاچانلا ئۇزلىرىگە مەھلىيا قىلىۋالغان. شۇڭا مەنمۇ، ھارۋىدىكىلەرمۇ ئۇلارغا كۆڭۈل بىلدۈرۈپ، سالام بېرىپ مېڭىشتۇق. ئانچە ئۆتمەي ھارۋىمىز يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى يوغان قارىياغاچنىڭ سول تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. بۇ چوڭ دادامالارنىڭ ھويلىسى ئىدى. كۆڭلۈمگە ئىسسىق تۇيۇلغان بۇ ئۆيگە كۆزۈم چۈشۈپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سېلىپ كەتتى. قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا توختىغانلىقىنى ئاڭلاپ چوڭ ئاپاملار ۋە ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرى ھويلىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ بىزنى ئوراۋالدى. ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. چوڭ ئاپام مېنى ئادەتتىكىدەك باغرىغا بېسىپ:

— ۋاي - ۋۇي، مېنىڭ بالام چىقىپ قاپتۇغۇ، — دەپ يۈز ۋە پېشانىلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا تاشمەھەممەت ۋە باشقا مەن دېمەت بالىلار يېتىپ كەلدى. ئۇلار مېنى ئورىۋېلىپ: «يۈرە، ئوينايمىز» دەپ قوللىرىنى بوينۇمغا ئارتىپ يېقىنچىلىق قىلدى ۋە قولۇمدىن تارتىپ ئارىدىن ئېلىپ چىقىشقا تىرىشتى. بۇنى سەزگەن نەۋرە ھەدەم گۈلى:

— ئۆيگە كىرىپ چېيىنى ئىچىۋالسۇن، كېيىن ئويناڭلار، — دەپ ئۇلارنىڭ بوينۇمدىكى گىرەلەشكەن قوللىرىنى ئاجراتتى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ مېنىڭ يېزىدىكى كۆڭۈللۈك ھاياتىم باشلاندى.

مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئېرىق بويىدا يۈزۈمنى يۇياتتىم. ئاندىن باغ ئارىلاپ، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئالما، ئۆرۈك ۋە باشقا مېۋىلەرنى زوق بىلەن كۆزىتەتتىم. ھەممىدىن بۇرۇن پىشىدىغان ئۈجمە، جىنەستىلەرنى ئۈزۈپ

يەيتتىم، بەزىدە پىشىپ يەرگە چۈشكەن مېۋىلەرنى تېرەتتىم.
ئورنۇمدىن ئەتىگەن تۇرالمىسام چوڭ ئاپام يېنىمغا كېلىپ:
— قوپۇڭ، بالام، ئامۇتلار چۈشۈپتۇ، تېرىپ يەۋېلىڭ، بولمىسا باشقىلار تېرىۋالىدۇ، — دەپ مېنى ئورنۇمدىن بۇرۇن تۇرغۇزاتتى. بىز بولسا خۇشال بولۇپ، مېۋىلەرنى تېرىپ، يەرگە چۈشكەن مېۋىلەرنى تېرىشكە ئۇچاتتىم.

تۇرۇشقا، پىشىپ يەرگە چۈشكەن مېۋىلەرنى تېرىۋېلىشقا دەۋەت قىلاتتى. چوڭ ئاپامنىڭ ھويلىسىدا ئىككى تۈپلا ئامۇت بار ئىدى. ئامۇتقا مەن بەك ئامراق ئىدىم. شۇڭا چوڭ ئاپام كېچىسى يەرگە چۈشكەن ئامۇتلارنى ماڭا قىسىنىپ، مېنىڭ تېرىپ يەۋېلىشىمنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن چوڭ ئاپامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئورنۇمدىن ئەتىگەن تۇرۇپ يەرگە چۈشكەن ئامۇتلارنى، باغقا چىقىپ ئالمىلارنى تېرىۋالاتتىم. مېۋىلەردىن بەزىلىرىنى (بولۇپمۇ لىمون ئالما بىلەن ئامۇتنى) ئۆزۈم يەپ، ئۆرۈكلەرنى ئۆگزىگە ئاچىقىپ قاق سالاتتىم. سالغان قاقلىرىمنىڭ كۆپى يارما قاق، يەنى ئۇرۇقچىسى ئاجرىتىپ سېلىنغان قاق ئىدى. بۇ قاقلاردىن ئاجرىتىۋېلىنغان ئۇرۇقچىلارنى ئۆرۈك يېگەندە يىغىپ قويغان ئۇرۇقچىلىرىم بىلەن قوشۇپ چېقىپ، مېغىزلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ جالا قىلاتتىم. يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مېغىزلارنى شەھەرگە كىرگەندە دادام، ئاپاملارغا ياكى دوستلىرىمغا سوۋغا قىلاتتىم. مېنىڭ يېزىدىكى تەتىل كۈنلىرىم ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتكەچكە، كۈننىڭ قانداق كەچ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزمەي قالاتتىم.

تەتىل كۈنلىرىمنىڭ كۆپى دېگۈدەك باغدا ئۆتەتتى. چوڭ ئاپاملارنىڭ بېغى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، مېۋىلىرى خىل، تۈرلىرى كۆپ ئىدى. بۇ باغدىكى ئۆرۈك پىشىشقىدا چوڭ ئاپاملارنىڭ كەڭتاشا ھويلا ـ ئارامى مېھماندىن خالىي بولمايتتى. بۇ يەرگە مەھەللە ـ مەھەللىدىن ، قوشنا يېزىلاردىن، شەھەردىن كېلىپ تۇرغان مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تۆۋەنكى باغدىكى ئۆرۈكلەرنى پۈتۈن ئائىلە، قولۇم ـ قوشنا ۋە مېھمانلار قانغۇدەك

يەپ، سېۋەتلەپ ئېلىپ ماڭغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى بىز يىغىپ قاق سالاتتۇق، بۇ ئۆرۈكلەرنىڭ بىر قىسمىنى چوڭ داداملار ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك يەشىكلەرگە قاچىلاپ شەھەرگە ئەكە-رىپ ساتقۇزاتتى. يۇقىرىقى باغنىڭ ئۆرۈكلىرىنى بولسا غورا ۋاقتىدىلا شەھەردىن چىققان باققاللارغا كۆتۈرىگە بېرىۋېتەتتى. بۇنى ئۇلار باغنىڭ «كۆكىنى سېتىش» دەپ ئاتايتتى.

چوڭ ئاپاملارنىڭ بېغىدىكى ئۆرۈكلەر ئىنتايىن نۇرغۇن، تۈرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ئۆرۈكلەر ئاق ئۆرۈك، چىلگە ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك، موخۇرجان، بىجىنۇر، گۈلقاق ئۆرۈك، ئاچچىق ئۆرۈك، ياۋا ئۆرۈك، قىزىلقاچا ئۆرۈك، ئابورگاس... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلاتتى.

چوڭ ئاپاملارنىڭ بېغىدا ئۆرۈكتىن باشقا ئالما (لىمون، سارىم، ئاپورت، ھەشتەرخان، تاغىل، مەنپەسى، كارتۇشكا، ئىستۇلۇۋي، ئەرچۇزا، ئاق ئالما، قىزىل ئالما، قىمىز ئالما، قاپاق ئالما، تاش ئالما...)، شاپتۇل، ئۈزۈم، چېقىر ئۈجمە، جېنەستە، ئالۇچا، گىلاس، ئەينۇلا، ئالگىرات، لاك، گۈشنە، ئامۇت، نەشپۈت، قارا ئۆرۈك، دولانا، جىگدە، ياڭاقلارمۇ بار ئىدى.

شۇنچە نۇرغۇن، شۇنچە رەتلىك مېۋە دەرەخلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ باغنى شەرقتىن غەربكە ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭ ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى: ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپى تۆۋەنكى باغ، يۇقىرى تەرىپى يۇقارقى باغ دېيىلەتتى. باغدا يۇقى-رىدىكى مېۋىلەردىن باشقا خىلمۇخىل گۈللەرگە تولغان گۈلزار-لىق ۋە كۆكتات چۆنەكلىرى بار ئىدى. كۆكتاتلىقتا ئاساسەن مۇچ، پەمىدۇر، پىدىگەن، تەرخەمەك، پۇرچاق، پىياز، ئاشكۆ-كى ئۆستۈرۈلەتتى. گۈلزارلىقتا تەشتەكلىك گۈللەردىن باشقا سالداتگۈل، نامازشامگۈل، قىزىلگۈل، مەخمەلگۈل، كاناگۈل، مودەنگۈل، ئورۇسگۈل، خېنىگۈل، چىنىگۈللەر بار ئىدى. بۇ

گۈللەر ئەتراپىدىكى چىمەن ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ، مېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، باغ ئىچىنى، هويلا - ئارامنى خۇشبۇي ھىدقا تولدۇرۇۋېتەتتى. تۆۋەنكى باغدا يەنە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ كوچىغا چىقىپ كېتىدىغان ئېرىق بار ئىدى. بۇ ئېرىق ئۆزىنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى بىلەن كەڭ باغقا جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىپ تۇراتتى. بۇ سۇدىن پۈتۈن ئائىلە، مېۋىزارلىق، گۈلزارلىق ۋە تۆۋەنكى باغ كۈچ - قۇۋۋەت تاپاتتى.

يۇقارقى باغمۇ ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى بېدىلىك بولۇپ، قالغان قىسمى دەرەخزارلىق ئىدى، مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ بار ئىدى. بۇ مېۋىلەر ئاساسەن چېقىر ئۈجمە، ئۆرۈك، ئالما، جىگدىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ باغدا قارىياغاچ، سۆگەت، تېرەك ۋە باشقا دەل - دەرەخلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يىراقتىن قارىسىڭىز ئورماندەك كۆرۈنەتتى. بۇ باغنىڭ قاشاسىدىن ئۆتۈپ شىمالغا ئۆرلىسىڭىز پايانسىز بوزغا چىقىسىز. بۇ چەكسىز بوزنىڭ تۆپىسىدىكى ئېدىرلار — سىرتماق، چاشدۆڭ، ساماندۆڭ، چوڭ قىزىل، كىچىك قىزىللار ئۆز ئېتىكىدىكى باياشات ئېتىز - داللارغا، باراقسان باغلارغا، ئاۋات مەھەللىلەرگە سالاپەت بىلەن قاراپ تۇرغاندەك سېزىلەتتى. چوڭ قىزىل بىلەن كىچىك قىزىل دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تاغنى تۇرپانيۇزىنىڭ سىمۋولى دېيىشكە ئەرزىيدۇ. چوڭ قىزىل بىلەن كىچىك قىزىلنى ھەربىر كۆرسەم ياكى ئويلىسام يۈرەكلىرىم ئويناپ، ۋۇجۇدۇم ھاياجانغا تولىدۇ، چۈنكى بۇ تاغلار تۇرپانيۇزىنى ئەسلىتىپ، سېغىنىشىمنى ئاشۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

مەن تۇرپانيۇزىدىكى دېمەتلىكلىرىم بىلەن شۇ چوڭ قىزىلغا قاراپ مېڭىپ، يول بويىدا پاقپاق، تېكساقال سېغىزلىرىنى تېرىپ كولاپ چاينايتتۇق ياكى يېقىنلىرىمىزغا سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنى خۇش قىلاتتۇق. دوستلار بىر - بىرىمىزنى قوغلاپ، چېۋىقلارنى ئات قىلىپ، دۆڭمۇدۆڭ، باغمۇباغ چېپىپ ئوينايت-

تۇق. شۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان قوشنا باغلار، ھەر خىل زىرائەت-لەر تېرىلىدىغان ئېتىزلار، قوغۇنلۇقلار بىلەن تونۇشۇپ قالات-تۇق. پۇتلىرىمىزغا تىكەن كىرىپ، پاچاقلىرىمىزنىڭ ئوت - شۇۋاقلار دەستىدىن يىرىلىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئارامبەخش بۇ دالىنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تويغۇدەك نەپەس ئېلىپ خالىغىنىمىزچە ئويناساقمۇ يەنە ئويناپ تويمايتتۇق.

يېزىدا بىزنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنىمىز ناھايىتى كۆپ ئىدى. كۆپىنچە ۋاللەي، رەگەتكە، مۆكىمۆكىلەك ئوينايتتۇق، بەزىدە باغ ئارىلاپ سەيلە قىلاتتۇق. يازنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۈجمە دەرەخلىرىگە چىقىۋېلىپ ئۈجمە ئۈزۈپ يەيتتۇق، ئۆرۈك ئالا بولغان چاغلاردا غورىنى، بولۇپمۇ ئالا ئۆرۈكنى تالىشىپ يەيت-تۇق؛ كۈن ئىسسىپ قالغان چاغلاردا سۇغا چۆمۈلەتتۇق. بىز سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان يەر ئاساسەن چوڭ دادامىلارنىڭ بېغى-نىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ يانپاش دېگەن يېرى ئىدى. ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپى بوز ئۆستەڭ، ئايىغى پەنجىم ئۆستەڭ دېيىلەتتى. بىز چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان يانپاشنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىرچە بولۇپ، بۇ كۆپىنچە قاينام دەپمۇ ئاتىلاتتى. بىز بۇ قاينامغا قىرغاقتىن بېشىمىزچە سەكرەپ، ئۈزۈقچە ئۈزۈپ ئوينايتتۇق. مەھەللىدە پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان خوراز، كەكلىك سوقۇشتۇ-رۇشلىرىنى كۆرەتتۇق، ئاخشاملىرى دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپا، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ چۆچەك، تېپىشماقلارنى ئېيتىشاتتۇق. بەزىدە مەن نەۋرە ئاكامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئېتىزلاردا قارچىغا ۋە تايغانلار بىلەن بۆدۈنە ئوۋلاشلىرىنى قىزىقىپ تاماشا قىلاتتىم...

ماڭا يېزىدا ياققان يەنە بىر نەرسە دېھقانلارنىڭ ئېتىز ھاياتى ئىدى. بولۇپمۇ يازلىق ئورما، خامان تەييارلىقلىرى مەن ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق ئىدى. شۇڭا، باغلىق ئېتىش، بېدە ئورما-

لىرىغا قاتنىشىپ ئۆنچىگە باغ سېلىش، تولۇق ھەيدەش، خاماند-
دىن قاغا، قۇشقاچلارنى قوغلاش كېيىنكى چاغلاردا مېنىڭ ياخشى
كۆرىدىغان ئىشلىرىمغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ دېھقانلارنىڭ جاپالىق
ئەمگەكلىرىنى چۈشىنىشىمگە، ئۇلارغا بولغان ھېسسىياتىمنى
كۈچەيتىشىمگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ئىشقىلىپ، يېزىدا ئوينايدىغان ئويۇنىمىز، قىلىدىغان ئىد-
شىمىز، كۆرۈپ تۇگىتەلمىگەن نەرسىلىرىمىز كۆپ ئىدى. شۇن-
داق بولغاچقىمۇ ماڭا كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئانچە
سېزىلمەيتتى. بىراق، «ھە – ھۇ» دېگۈچە ھەپتىلەر ئۆتۈپ،
تەتىل ۋاقتى توشۇپ، يېڭى ئوقۇش يىلىمىز باشلىنىپ قالاتتى.
ئاخىرقى تەتىل كۈنلىرىدە يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىغا ياخشىراق
تەييارلىق كۆرۈش، تاپشۇرۇقلارنى قايتا كۆزدىن ئۆتكۈزۈش،
دەپتەر – قەلەملەرنى تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن ئىلاجسىز سۆيۈملۈك
يېزىدىن، مېھماندوست تۇغقانلاردىن، كۆيۈمچان دوست – ئاغد-
نىلەردىن كۆزلىرىم قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ شەھەرگە قاراپ
يول ئالاتتىم. تۇغقانلار، دوستلار ماڭا يوللۇق قىلىپ مېۋە –
چېۋە، نان – توقاچ، سۈت – قايماق، قاق – قۇرۇتلارنى بېرەت-
تى. نەۋرە ئاكام ماڭا ئامراق بولغاچقا، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرد-
دىغان چۈجە خورىزىنى سوۋغا قىلاتتى. مەن خورازنى ئىككى
قولۇم بىلەن قوبۇل قىلىپ، باغرىمغا چىڭ بېسىپ شەھەرگە
ئېلىپ كىرەتتىم، دوستلىرىمغا كۆرسىتىپ ماختىناتتىم. ئۇلار-
غا سەھرادا كۆرگەن – بىلگەنلىرىمنى، ئوينىغان ئويۇنلىرىمنى
ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ بېرەتتىم.

تەڭتۇشلىرىم مېنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى قىزىقىپ ئاڭ-
لاپ ئاغزىلىرى ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇلار مېنىڭ مۇنۇ بىر ئەسلد-
مەمنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىغانىدى:

«تۇرپانىيۈزىدىكى باغلاردا ئۈرۈكلەر سېلىكىپ، ئالما،
ئامۇت، ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلەر ئارقا – ئارقىدىن پىشىۋاتقان

چاغ. بۇ يىلقى بارات ئېيىنىڭ تۆنەك كېچىسى شۇ چاغقا توغرا كېلىپ قالدى. بىز ئارا مەھەللىدىكى تەڭتۇش ئاغىنىلەر مەسلىھەتلىشىپ، تۆنەك كېچىسىنى ساۋۇتلارنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزمەك بولدۇق. تۆنەككە قاتنىشىدىغانلار شۇ كۈنى ئىمكانىيىتىمىزگە قاراپ ئۆيلىرىمىزدىن مېۋە - چېۋە ئالغاچ كېلىدىغان بولدۇق. قاپاق تېپىپ كېلىشكە مەھەممەتجان مەسئۇل بولدى.

يەرگە گۈگۈم چۈشكەندە ھەممىمىز بىرلىكتە پاخال، مەڭگەن ۋە شىۋاقلارنى يىغىپ، بىرنەچچە يەرگە دۆۋىلەپ ئوت ياقتۇق. ھەممىمىز خۇشاللىق ئىچىدە بۇ گۈلخانلارنى چۆرىدەپ، سەكرىشىپ ئوينىدۇق. كۆيدۈرۈلگەن مايلىق قاپاقنى مەشئەل قىلىپ كۆتۈرۈپ: «بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ، بىزگە پوشكال قۇيدۇڭلارمۇ...»، دەپ قوشاق توقۇلاپ مەھەللە ئارىلىدۇق؛ ئەلياتقۇ بولغاندا يەنە ساۋۇتلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلدۇق. داستىخان سېلىنىپ تاماق تارتىلدى. ئوخشىغان مانتىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قىزىق پاراڭ، چاقچاققا چۈشۈپ كەتتۇق. شۇ چاغدا ئارىمىزدىن بىرى:

— مۇشۇ تاپتا تاۋۇز ياكى قوغۇن بولسا - ھە! تازا بىر يەپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇۋالاتتۇق...، — دەپ قالدى. گەپنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا مەن مەيدەمنى كېرىپ:

— تاۋۇزنى مەن تېپىپ كېلەي، — دېدىم. شۇ ئارىلىقتا باللاردىن كىمدۇر بىرى:

— ماۋۇ شەلىكنىڭ پوچىلىقىنى، بۇ ۋاق بولغاندا تاۋۇزنى نەدىن تاپىدىكەن؟ — دېدى. مەن ئۇنىڭغا بوي بەرمەي:

— چوڭ دادامларنىڭ قوغۇنلۇقىدىن ئەكېلىمەن، — دېدىم.

— توغرا، توغرا، — دېدى ئارىمىزدىن يەنە بىر بالا، — ئۇلارنىڭ قوغۇنلۇقى بار. ئۇ يەرگە ئەڭ ياخشىسى، تاشمەھەممەت بىللە بارغىنى ياخشى.

تاشمەھەممەت بۇنى ئاڭلاپ:

— مەن بارمايمەن، — دېدى گەپنى ئۈزۈپلا.

— ئەمىسە مەن بىللە باراي، — دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى زاكىر.

شۇنداق قىلىپ، مەن، زاكىر، ئابدۇۋەلى ئۈچىمىز بىر تاغارنى ئېلىپ قوغۇنلۇققا قاراپ ماڭدۇق. تۇن قاراڭغۇسى بول- غاچقا ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. تەمتىلەپ، ئېگىز - پەس دەسسەپ يۈرۈپ قوغۇنلۇققا يېتىپ كەلدۇق. بىز كەلگەن ئۆي بىلەن قوغۇنلۇقنىڭ ئارىلىقى بىرەر كىلومېتىردەك بار ئىدى. تىۋشىمىزنى چىقارماي قوغۇنلۇققا كىرىپ، بەشچە تاۋۇزنى ئۈزدۇق - دە، تاغارغا سېلىپ ئارقىمىزغا ياندۇق.

بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ باللار خۇش بولۇپ كېتىش- تى. بىراق، تاشمەھەممەت ئۈنچىقماي، ماڭا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

ساھىبخانا ھەممىمىزنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. يېمەك- لىكلەر داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. نېمە ئۈچۈندۇر مەن بىر باش ئىسسىق قوناقنى كۆڭلۈم غەش ھالدا يېدىم. تاماقتىن كېيىن تاۋۇز تىلىندى. تاۋۇزلارنىڭ بەزىسى پىششىق، بەزىسى خام چىقتى. بىردىنلا كۆزۈم تاشمەھەممەتكە چۈشتى. ئۇ تاۋۇز يېمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭا خاپا بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. باشقىلار ھاپىلا - شاپىلا داستىخاندىكى تاۋۇزلارنى يەپ تۈگەتتى. يەنە تېپىشماق، چۆچەك ئېيتىشىش باشلاندى. قايسى چاغلاردىدۇر ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئەتىسى ئورنۇمدىن خامۇش تۇردۇم، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيدۇم. تاشمەھەممەت بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ناشتىدىن كېيىن ئۆيگە بىرگە قايتتۇق. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن چوڭ ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە كىردىم. چوڭ ئاپام مېنى كۆرۈپ چايغا تەكلىپ قىلدى. مەن چاي ئىچىپ كەلگەنلىكىمنى دەپ دالان ئۆيدە يېتىپ ئارام ئالدىم. ئورنۇمدىن تۇرسام چۈش بولۇپ قاپ-

تۇ. چۇشلۇك تاماققا ئولتۇردۇق. چوڭ دادام ماڭا قاراپ:
— ئاخشام قوغۇنلۇققا قايسىڭلار بارغانىدىڭلار؟ — دېدى كۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ.
بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بولدى ـ دە، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا تالادىن تاشمەھەممەت كىرىپ كەلدى. چوڭ دادام ئۇنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ:
— بايا قوغۇنچى ھوشۇر ئاخۇن كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاخشام بىرنەچچە بالا قوغۇنلۇققا كىرىپ، بىرقانچە تاۋۇزنى ئېلىپ ماڭغاندىن باشقا يەنە بىرقانچە تاۋۇزنى پېلىكىدىن ئۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇلار كىم؟ بىلەمسەن، يا سەن قىلدىڭمۇ؟ — دېدى.
— ياق، — دېدى تاشمەھەممەت، — قوغۇنلۇققا مەن بارمىدىم.
مەن تاشمەھەممەتنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، قورقۇپ يىغلىۋەتتىم. چوڭ دادام ماڭا قاراپ:
— نېمە يىغلايسىز، بارغان بولسىڭىز باردىم دېمەمسىز؟ — دېدى ماڭا تىكىلىپ، ئاندىن نەۋرىسى تاشمەھەممەتكە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قوغۇنلۇققا بارغانلار بىر مۇنچە پېلەكلەرنى دەسسەپ كاردىن چىقىرىپتۇ. شۇنداق قىلغانمۇ بارمۇ؟ تاۋۇز يېگۈڭلار كەلگەن بولسا ھوشۇر ئاخۇننى چاقىرىپ دېسەڭلار بولمامدۇ؟ بايا ماڭا ھوشۇر ئاخۇن: «ئەگەر بۇ بالىلار سىلىنىڭ تۇغقانلىرى بولمىغان بولسا ھەربىرىدىن ئۇن قاداقتىن كىرسىنىنىڭ پۇلىنى ئالاتتىم ياكى قۇلاقلىرىنى ئۈزۈپ قولىغا بېرەتتىم» دەيدۇ. شۇنداق قىلسۇنمۇ ـ يا؟!
چوڭ دادام ئاچچىق بىلەن تاشمەھەممەت ئىككىمىزگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ قويدى. مەن گەپ قىلماي مىچىلداپ يەرگە قاراپ تۇردۇم، قىلغان خاتالىقىمغا ئۆكۈندۈم، ئېچىندىم. مېنى

ئاياپ گەپ قىلماي تۇرغان تاشمەھەممەتكىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. كۆڭلۈمدە: «نېمىشقىمۇ باشباشتاقلىق قىلىپ قوغۇنلۇققا بارغاندىمەن؟ بۇ سەتچىلىكنىڭ ئەيىبكارى مەن. ئەمدى قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن. دادام، ئاپاملار ئاڭلىسا نېمە دەر؟ تاشمەھەممەت ئۆز قوغۇنلۇقى تۇرۇپ بارمىدى، مەن ئەجەب بېرىپتىمەنا، ماڭا نېمە ئىتكارچىلىق...»، دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم كايىدىم.

جىمجىتلىقنى چوڭ ئاپامنىڭ ئاۋازى بۇزدى:

— بولدى، داستىخانغا قاراڭلار، تاماق مۇزلاپ قالمىسۇن، — ئۇ ماڭا قاراپ دېدى، — تامىقىڭنى يەڭ، ئەمدى مۇنداق بىسوراق ئىشلارنى قىلماڭ!

مەن تامىقىمنى كۆڭلۈم تارتماي يېدىم. ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەپ تۇراتتى. ئەتراپتىكىلەر ماڭا ئاچچىقى كېلىپ قاراۋاتقاندەك، ئەڭ مۇھىمى، ئىچ ئاغرىتىپ، خاتالىقىمنى تونۇشۇمغا، ئالغا بېسىشىمغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك سېزىلدى...»

— ھە راست، سىنىڭ بىلەن قوغۇنلۇققا بىللە بارغان باشقا بالىلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى يېنىمدا ئەسلىمەمنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىمدىن بىرى گېپىمنى بۆلۈپ.

— شەھەرگە كىرىپ كېتىدىغان چېغىمدا ئۇلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇلارغا: «سىلەر بىلەن تۈنەك كېچىسى قوغۇنلۇققا بېرىپ تاۋۇز ئوغرىلىغانلىقىمىزنى چوڭ دادام ئاڭلاپتۇ. ماڭا خاپا بولدى، بىرمۇنچە ئاھانەت ئاڭلىدىم» دېدىم. ئۇلاردىن بىرى: «سەن ئاھانەت ئاڭلىغان بولساڭ بىزگە نېمە دەپ بېرەتتىڭ. قوغۇنلۇققا بارمىز دېگەن ئۆزۈڭ. بىز ناھايىتى سەن بىلەن بېرىشىپ بەردۇق شۇ» دېدى. راست، ئۇلاردا ئەيىب يوق، ئەيىب مەندە. بۇ ئەيىبىم ئۇچۇن ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن. بۇ ئەيىبىمنى ئۆزۈمگە ساۋاق قىلىپ، بىھۇدە، بىسوراق ئىشلارنى قىلماسلىقىم لازىم...

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ تۇرپانيۇزلىكلەر مېنىڭ بۇ يارىماس

قىلىقلىرىمنى كەچۈرۈپ، داۋاملىق مېھرىبان، سېخىي قوچىقىنى ئېچىپ، ئېسىل نازۇنېمەتلىرىنى ئېتىكىمگە تۆكۈپ تۇردى، شۇڭا مېھرىم تۇرپانىيۈزىدىن ئۈزۈلمەيدۇ. تۇرپانىيۈزى كۆز ئالدىمغا كەلسە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شادلىققا، ھاياجانغا تولىدۇ. تۇرپانىيۈزىدىكى تەڭتۇشلىرىم، دوستلىرىم يادىمغا يەتسە، ھازىرلا قانات چىقىرىپ شۇ ياققا ئۇچۇپ كەتكۈم كېلىدۇ. قەلبىم ھېلىمۇ تۇرپانىيۈزىگە تەلپۈنىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇ ئەزىز يېزامنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن.

ئېھ، مېھرىبان، گۈزەل تۇرپانىيۈزى، ھازىرمۇ مەن ساڭا باللىق چاغلىرىمدەك ئامراق ۋە سادىق، چۈنكى سەن ماڭا ئوخشاش ئەۋلادلىرىڭنى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىسسىق قوينۇڭدا يېزا ھاياتىنىڭ شېرىن - شېكەر، ئاچچىق - چۈچۈك نېمەتلىرىگە تويۇندۇرۇپ، قەلبىمىزنى كېلەچەكنىڭ ئۈمىدلىرىگە تولدۇرۇپ ئۆستۈردۇڭ. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى بىباھا گۈزەللىكىڭگە جەلپ قىلىپ، كۆڭۈل شامىمىزنى قوينۇڭدا ئۆتكەن مەردپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ خاسىيەتلىك ئىشلىرى، مۇبارەك نامۇ شۆھرەتلىرى بىلەن نۇرلاندۇردۇڭ. ئاڭلىسام، ئىلى دىيارىدا تۇنجى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرى بولۇپ تۇرپانىيۈزى تەۋەلىكىدىن بوۋام مەسۇم ئەپەندى چىققانىكەن، شۇنىڭدەك يەنە سېنىڭدە ئاجايىپ ئىلىم ئىگىلىرى — تارىخچى، شائىر، ناخشىچى، سازەندە، تېۋىپ، ئۆلىمالار ئۆتكەنىكەن. شۇنداق مەشھۇر پەرزەنتلىرىڭنى قەلبىمدە مەڭگۈ ياد ئېتىپ، بىزدىن كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭنى يەردە قويماسلىققا تىرىشىمەن. يەنىمۇ يۈكسەل، ئەزىز يېزام تۇرپانىيۈزى!

# قىزىق ئىش

شاۋكەت بىلەن مۇختەر تەڭ دېمەت. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى
بىر ـ بىرىگە يېقىن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتەپلىرى
باشقا ـ باشقا. ئۇلار مەكتەپتىن قايتقاندا يەنىلا بىللە، ھەتتا
بازارغا بارسىمۇ، كەچلىرى كىنو كۆرسىمۇ، ئويۇن ئوينىسىمۇ
بىللە. قىسقىسى، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ھېچنېمد-
سىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرمايدۇ، ئىشى بولسا بىللە قىلىشى-
دۇ، بەزىدە يىراق ـ يېقىنلارغا بېرىپ ئويناپ، سەيلە قىلىپ
كېلىشىدۇ.

يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرى، سائەت ئۈچ ـ تۆتلەردە
شاۋكەت مۇختەرنى ئىزدەپ ئۆيدىن چىقتى. بۇ چاغدا دەل ـ
دەرەخلەر يەرگە سايە تاشلاپ، ھاۋا بىر ئاز سالقىنلاپ قالغانىدى.
شاۋكەت مۇختەرلەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— مۇختەر!

ئۆيدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان مۇختەر شاۋكەتنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاپ، دەرھال كىتابىنى ياپتى ـ دە، ھويلىغا چىقىپ دەرۋازىنى
ئاچتى، شاۋكەت بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆيگە كىرىشكە
تەكلىپ قىلدى. بىراق، شاۋكەت ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماي،
مۇختەرنى دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا تارتتى. ئۇلار ئو-
رۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. شاۋكەتنىڭ
گېپىدىن مۇختەر ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى
چۈشىنىپ سورىدى:

— ئەمىسە، ھازىر ماڭىمىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلايلى، — دەرھال جاۋاب بەردى شاۋكەت.

ئۇلار مەسلىھەت بويىچە ئۆيلىرىگە كىرىپ، تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ، يەنە مۇختەرلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇچراشتى. شاۋكەتنىڭ قولىدا يوغان قەغەز بولاق، بولاق ئىچىدە پېچىنە - پىرەنىكلەر بار ئىدى. مۇختەرنىڭ قولىدا پومپىيىپ تۇرغان سۇلياۋ خالتا، سۇلياۋ خالتىغا مۇختەر بۈگۈن ئەتىگەن بېغىدىن تېرىۋالغان ئالمىلار سېلىنغانىدى. ئۇلار خۇشال - خۇرام يولغا چىقىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەلق باغچىسىغا يېتىپ كەلدى. باغچىنىڭ ئىچىدىن ئازادە، جىم بىر جاينى تېپىپ ئولتۇردى - دە، شاۋكەت ئېلىۋالغان گېزىتنى يەرگە — چىم ئۈستىگە يېيىپ سالدى، ئۈستىگە پېچىنىلەرنى قويدى. مۇختەر گېزىتنىڭ بىر چېتىگە ئۆزى ئەكەلگەن ئالمىلارنى قويدى. دوستلار تۈزۈت قىلىشماي ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېمەكلىكلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان پېچىنە - پىرەنىكلەر مۇختەرنىڭ تىلىدىلا قالدى. شاۋكەتمۇ قاراپ ئولتۇرماي دەسلەپتە ئۆزى ئەكەلگەن پېچىنە - پىرەنىكلەرنى يەپ، ئاندىن ئالمىلارغا قول ئۇزاتتى. مەي باغلاپ پىشقان بۇ ئالمىلار شاۋكەتنىڭ ئاغزىدا مايدەك ئېرىپ، كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى.

شاۋكەت بىلەن مۇختەر قورساقلىرىنى بىرقۇر تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى بۇ «زىياپەت»تىن قايىل بولۇشقاندەك، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى. باغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرۈشكەن كىشىلەر، بولۇپمۇ بالىلار كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باغ ئارىلاپ گۈل سەيلىسى قىلسا، بەزىلىرى كۆل بويىغا بېرىپ ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلىناتتى ياكى سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بالىلارنىڭ سۇ ئۈزۈشلىرىنى تاماشا قىلىشاتتى.

شاۋكەت سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بالىلارنى كۆرۈپ ئىچى قىزىدى - دە، مۇختەرگە قاراپ:

— بىزمۇ چۆمۈلمەيمىزمۇ؟ — دېدى كۆلنى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ، چۆمۈلەيلى، — دېدى مۇختەر ئاغزىدىكى چايناۋاتقان ئالمىنى يۇتۇۋېتىپ.

ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆلنىڭ بويىغا كەلدى. شاۋكەت ئالدىراپ كىيىملىرىنى سېلىپ، كالتە ئىشتان بىلەن كۆلگە سەكرىدى. بىرنەچچە قېتىم سۇدا باش چۆكۈرۈپ ئۈزۈپ قىرغاققا يېقىن كەلدى:

— مۇختەر، چۈشمەمسەن، قاراپ تۇرسەنغۇ؟ سۇ بەك راھەت ئىكەن. تېزرەك كىيىمىڭنى سېلىپ چۈشە! — دېدى ئۇ دوستىنى ئالدىرىتىپ.

— سەن چۆمۈلۈۋەر، مېنىڭ چۆمۈلگۈم يوق، — دېدى مۇختەر نېمىدىندۇر قىسىلغاندەك بولۇپ.

— نېمىشقا؟ بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ قالدىڭغۇ؟

— ئوچۇقىنى ئېيتسام، كالتە ئىشتىنىم يوق. بۇياققا كېلىشتە كالتە ئىشتان ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھەممە كىشى كالتە ئىشتان بىلەن سۇغا چۈشۈۋاتسا، مەن...، — دەپ توختاپ قالدى مۇختەر.

— ئەمىسە مەن بىرئاز چۆمۈلۈۋالاي، ئاندىن كېيىن سەن مېنىڭ كالتە ئىشتىنىمنى كىيىپ چۆمۈلگىن، بولامدۇ؟ — دېدى شاۋكەت.

مۇختەر ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. شاۋكەت كۆلنى بىر - ئىككى ئايلىنىۋېتىپ سۇدىن چىقتى. ئاندىن مۇختەر دوستىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۇنىڭ كالتە ئىشتىنىنى كىيىپ سۇغا چۈشتى. سۇ شاۋكەت ئېيتقاندەك سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆلدە راھەتلىنىپ ئۈزۈپ سۇغا قانغاندىن كېيىن قىرغاققا چىقتى، كىيىملىرىنى كىيىپ، كالتە ئىشتاننى سۈزۈك سۇدا چايقىدى، ئاندىن قاتتىق سىقىپ، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر شاخقا يېيىپ قويدى.

شاۋكەت بىلەن مۇختەر بايا ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ ئېشىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان يېمەكلىكلەرنى يېگەچ ئۆزلىرىنىڭ سۇ ئۈزۈشتىكى ماھارەتلىرىنى سۆزلىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. باغ سەيلىسىگە كەلگەنلەر بىر - ئىككىلەپ قايتىشىۋاتاتتى. ئۇلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆيلىرىگە يول ئالدى. باغدىن چىقىپ ئۆيگە يېقىنلاشقاندا شاۋكەتنىڭ يادىغا كالتە ئىشتىنى كەلدى.

— ھوي، كالتە ئىشتىنىم ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ! — دېدى شاۋكەت كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ. مۇختەر دوستىغا شۇنداقمۇ دېگەندەك قاراپلا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئارقىغا يېنىپ كۆل بويىغا باردى. كالتە ئىشتان شاختىمۇ، يەردىمۇ يوق ئىدى. «كالتە ئىشتاننى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئەتراپلارنىمۇ ئىزدەشتۈرۈپ كۆردى، تېپىلمىدى. شاۋكەت بىلەن مۇختەر ئىككىسى بىر - بىرىگە نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ئاپام ئۇقۇپ قالسا نېمە دەرمەن؟ كالتە ئىشتاننى تېخى تۈنۈگۈنلا تىكىپ بەرگەن، — دېدى شاۋكەت يىغلىغۇدەك بولۇپ.

مۇختەرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، دوستىغا ئىچى ئاغرىدى. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ دوستىدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇ شاۋكەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— دوستۇم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بۇ سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى. كالتە ئىشتانمۇ تېپىلمىدى. بىز بۇ يەردە تۇرىۋەرمەي ئۆيگە قايتايلى! ئۆيگە بارغاندا ئاپاڭغا بۇ ئىشنىڭ راستىنى دېگىن. مەنمۇ ئاپامغا دەپ، ئەتە بازاردىن ساڭا بىر كالتە ئىشتان ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى خىجالەتتە.

دوستلار ئۆيلىرىگە جىم مېڭىشتى... ئەتىسى مۇختەر مەكتەپتىن قايتىپ ئاپىسى تىكىپ بەرگەن كالتە ئىشتاننى شاۋكەتلەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. شاۋكەت مۇختەر ئېلىپ كەلگەن كالتە ئىشتاننى ئالغىلى ئۇنىمىدى:

— ئاخشام ئەھۋالنى ئاپامغا ئېيتتىم. سېنىڭ بازاردىن

كالتە ئىشتان ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىڭنىمۇ دېدىم. ئاپام: «بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. دوستلار ئوتتۇرىسىدا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. مەن ساڭا بىر كالتە ئىشتان تىكىپ بېرەي، ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەت!» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، شاۋكەت بىلەن مۇختەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قىزىق ئىش چىرايلىقچە ھەل بولدى، شۇنىڭدەك ئۇ شاۋكەت بىلەن مۇختەرنىڭ كۆڭلىدە بالىلىق دەۋرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

# ئىناق ئاكا - ئۇكىلار

ئەتىگەن. ئەتراپ قارغا پۈركەنگەن. غەيرەت بىلەن جۈرئەت چايلىرىنى ئالدىراش ئىچتى - دە، سومكىلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىشىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇلار قاردىن يېڭى ئېچىلغان يول بىلەن مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. كوچىدا كىشىلەر ئۇياق-تىن - بۇياققا ئالدىراش يۈرەتتى. ماشىنىلارمۇ قارلارنى توزىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. غەيرەت بىلەن جۈرئەت بىر - بىرىدىن قالماي يولنىڭ چېتى بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر بوي ۋە چىرايلىرىغا قاراپ قوشكېزەكمىكىن دەپ قالاتتى.

غەيرەت بىلەن جۈرئەت ئۆيدىمۇ، سىرتتىمۇ ئېجىل، ئىناق ئىدى. بىر - بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى سورىماي ئالمايتتى. ئاتا - ئانىسى قانداقلا نەرسە بەرسە بىر - بىرىگە سېنىڭ كۆپ، مېنىڭ ئاز ياكى سېنىڭ يېڭى، مېنىڭ كونىكەن دېمەيتتى. ئۆيدە ئىش بولسا بەس سېلىشماي قىلاتتى. دادىسى ياكى ئاپىسى قايسى-سىنى ئىشقا بۇيرۇسا بويۇن تولغىماي تالىشىپ قىلاتتى. ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا بىر - بىرىگە يول قوياتتى...

بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىۋاتقان شامال بىردىنلا كۈچىيىپ قارلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا جۈرئەت قوللىرىنى ئاغزى بىلەن ھورداپ، ئۇۋۇلاپ قوياتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىككى قولىقىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئۇۋۇلايتتى. غەيرەت ئۇكىسىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يىل غەيرەت ئون ئىككى ياشتا، ئۇكىسى جۈرئەت ئۇنىڭدىن ئىككى ياش

كىچىك ئىدى. ئۇلار چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كەلگەندە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ئۆز مەكتەپلىرىگە ماڭدى. غەيرەت 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز بىرىنچى يىللىقىدا، جۇرئەت 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىنىڭ ئارىلىقى تۆت يۈز مېتىرچە بار ئىدى.

جۇرئەت بۈگۈن مەكتەپتىن سائەت تۆتلەردە قايتىپ كەلدى. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن غەيرەتمۇ ئۆيگە كەلدى. بۇ چاغدا يەرگە قاراڭغۇ چۈشكەن، ئۆي ۋە كوچىلاردا چىراغلار يورۇغانىدى. ئۇلار بىرلىكتە ئاپىسى پىشۇرۇپ ئېلىپ قويغان تاماقنى ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. ئاندىن هويلىغا بىللە چىقىپ، لاپاس ئاستىدىكى گۈرجەك، سۈپۈرگە ۋە زەمبىلنى ئېلىپ، ئەتىگەن دادىسى تازىلاپ، دۆۋىلەپ قويغان قارلارنى توشۇشقا باشلىدى. ئىككىسىنىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە مەدەت بېرىپ، غەيرەت قىلىپ يوغان ئىككى دۆۋە قارنى توشۇپ تۈگەتتى. بۇ چاغدا ئەتراپ تۈن پەردىسىگە ئورالغانىدى. غەيرەت بىلەن جۇرئەت سۈپۈرگە، گۈرجەك، زەمبىلنى جايلىرىغا رەتلىك قويۇپ ئۆيگە كىرىشتى. قازان بېشىدا ئىش قىلىۋاتقان ئاپىسى يۈز ـ كۆزلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن باللىرىنى كۆرۈپ دېدى:

— قوزىلىرىم، مۇزلاپ كەتكەنسىلەر، مەشكە يېقىنراق كېلىڭلار، قارلارنى توشۇپ، هويلىنى بىر چىرايلىق قىلىپ قويدۇڭلار. داداڭلار ئىشتىن كېلىپ تازا بىر خوش بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە.

غەيرەت ۋە جۇرئەت يۈزلىرىنى يۇيۇپ، دەرس تەييارلاش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا ئىشىك ئېچىلىپ، دادىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ باللىرىغا كۈلۈپ قاراپ:

— يارايسىلەر، ئوغۇللىرىم، مەن كەلگۈچە قارلارنى توشۇپ ئۈلگۈرۈپسىلەر. ئەسلىدە مەن بالدۇرراق كېلىپ سىلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىللە قار تازىلىماقچىدىم، ئىشىم چىقىپ قېلىپ كېچىكىپ قال-
دىم،— دېدى بالىلىرىدىن ئەپۇ سورىغاندەك.

— دادا، مەن ئەتە ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆگزىنىڭ قارىنى چۈشۈ-
رۈۋېتەيمىكىن،— دېدى غەيرەت دادىسىغا قاراپ.

— مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە قار چۈشۈرىمەن،— دېدى
ئاكىسىدىن قېلىشماي جۈرئەت.

— غەيرەتىڭلارغا بارىكاللا، بالىلىرىم! ئۆگزىدىكى قارنى
ئۆزۈم چۈشۈرىمەن. سىلەر ۋاقتىدا مەكتەپكە بېرىۋې-
رىڭلار! — دادىسى شۇنداق دەپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
مەش تۆۋىدە يىگىنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغان ئاپىسى ئوغۇللى-
رىغا زوق بىلەن قاراپ قويۇپ، يولدىشىنىڭ تامىقىنى تەييارلاپ
بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

* *

ھاۋا ئوچۇق، ئەمما سوغۇق. قۇياش دەرەخلەرنىڭ كەينىگە
ئۆتكەن. ئۆي ئىچى جىمجىت. غەيرەت بىلەن جۈرئەت كەچلىك
چېيىنى ئىچىپ ئولتۇراتتى. دادىسى ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىر-
دى – دە، كىيىملىرىنى سېلىپ قوزۇقتا ئىلدى، ئاندىن قوللى-
رىنى يۇيۇپ، بالىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ شىرە-
گە كەلتۈرۈلگەن چاينى ئىچىۋېتىپ سائەتكە قارىدى، ئاندىن
چايلىرىنى ئىچىپ بولغان غەيرەت بىلەن جۈرئەتكە:

— بالىلىرىم، بۈگۈن مەن ئىشتىن بۇرۇنراق كەلدىم. كەچ
سائەت ئالتە يېرىمدا «دوستلۇق» كۇلۇبىدا يېڭى كىنو قويۇلىدى-
كەن. زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن بىزگە بىردىن بېلەت
بەردى. كەچتە بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدىم، شۇڭا مەن
كىنوغا بارالمىغۇدەكمەن. ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار بارىسىلەر،
مانا بېلەت! — دېدى تۆش يانچۇقىدىن بېلەتنى چىقىرىپ.

— مەن بارمايمەن، ئۇكام بارسۇن، — دېدى غەيرەت دادد-
سىغا، — ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇقلىرىم بار.
— مەنمۇ بارمايمەن، ئاكام بىلەن بىللە دەرس تەييارلاي-
مەن، — دېدى جۇرئەتمۇ.
ئۆيدە بىر ئاز ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى غەيرەتنىڭ ئاۋا-
زى بۇزدى:
— ئەمىسە، ئاپام بارسۇن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ھېرىپ
كەتتى. كىنو كۆرگەچ ھاردۇقىنى چىقىرىپ كەلسۇن.
جۇرئەتمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.
— بوپتۇ، ئاپاڭلار بارسۇن، — دېدى داددىسى باللىرىنىڭ
ئورۇنلۇق گەپلىرىگە قوشۇلۇپ.
— رەھمەت، باللىرىم. مەيلى مەن بېرىپ كېلەي، — دېدى
ئاپىسى باللىرىنىڭ تەسىرلىك گەپلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ.
غەيرەت بىلەن جۇرئەت سومكىلىرىنى ئېلىپ دەرس تەييار-
لاشقا ئولتۇردى. داددىسى بىلەن ئاپىسى خۇشال - خۇرام، خاتىر-
جەم ھالدا ئۆز ئىشلىرىغا ماڭدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىنو بىلىتى

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ھاۋا ئوچۇق، كۈن ئىسسىق ئىدى. خىزمەت ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بۆلۈمدىكىلەردىن بىرنەچچىمىز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ھاۋالانغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. گېپىمىزنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى تۈنۈگۈنكى — يەكشەنبە كۈندىكى پائالىيەتلىرىمىز بولدى. بىرى تويغا بېرىپ ئۇ يەردە كۆرگەن قىزىقچىلىقلارنى سۆزلىسە، يەنە بىرى بالىسىنى باللار باغچىسىغا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇرغانلىقى، بۇ جەرياندا بىر قانچە ئون سومنىڭ بېشىغا سۇ قۇيغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى... گەپ ئارىلىقىدا مەن بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىم ئادىل ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار بىلەن بىللە كىنو كۆرۈپ ھاردۇق چىقارغانلىقىنى سۆزلىگىلى تۇردى. مەن گەپنى بۆلۈپ:

— نېمە كىنو كۆردۈڭلار؟ — دەپ سورىدىم.

— «ئامانىنساخان» دېگەن كىنونى، — دەپ جاۋاب بەردى ئادىل.

— «ئامانىنساخان» ھەققىدىكى كىنو ئىشلىنىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم. كىنو پۈتۈپ بازارغا چىقىپ بوپتۇ-دە، — دېدىم ئادىلنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، — قانداقراقكەن، قايسى كىنوخانىدا كۆردۈڭلار؟

— ئاخشام «ئىتتىپاق» تىياتىرىدا كۆردۇق، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار بېلەت ئالغاچ كەلگەنىكەن، بىللە باردۇق. كىنو ياخشى ئىشلىنىپتۇ. ھەممىمىز رازى بولدۇق.

ئادىلنىڭ بۇ قىزغىن گەپلىرى «ئامانىنساخان» فىلىمىنى

كۆرۈش ئارزۇيۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا، ئىشتىن چۈ-
شۈپلا كىنوخانا ئالدىغا باردىم. ئالدىراپ ماڭغانلىقىمدىنمۇ كىنو-
خانا ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قاپتىمەن.
كۆزۈم دەرھاللا كىنوخانا ئالدىدىكى ئېلانغا چۈشتى. ئېلاندا «ئا-
مانىتساخان» فىلىمىنىڭ قويۇلىدىغان ۋاقتى، بېلەت باھاسىنىڭ
ئىككى سوم ئىكەنلىكى يېزىلىپتۇ. سائىتىمگە قارىسام، كىنو
باشلىنىشقا بەش مىنۇت قاپتۇ. بېلەت ئالغىلى دەرھال كاسسىغا
باردىم. بېلەت سېتىلىپ بوپتۇ. كاسسا ئالدىدا مەن قانداقتۇر
بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدىم. بېلەتتىن
ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئون ياشلار چامىسى-
دىكى بىر بالا ئالدىمغا كېلىپ:

— ئاكا، بېلەت ئالامسىز؟— دەپ سوراپ قالدى.

— ئالىمەن، ئۇكام، ئالىمەن،— دېدىم خۇشاللىقىم-
دىن،— كىنونى ئۆزۈڭ كۆرمەمسەن؟

— كۆرسەم بولاتتى، بىراق كۈن بەك كەچ بولۇپ كېتىدى-
كەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇقۇم بار،— دېدى
بالا.

مەن يېنىمدىن پۇل چىقىرىپ سورىدىم:

— قانچە بېرىمەن بېلىتىڭگە؟

— ئىككى سوم بەرسىڭىز بولدى،— دېدى ئۇ ماڭا بېلەتنى
سۇنۇپ ۋە يوغان، قاپقارا كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ.

مەن بالىغا ئىككى سوم ئورنىغا ئۈچ سوم بەردىم - دە،
يوقىتىپ قويغان نەرسەمنى تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، كىنوخا-
نىغا كىردىم. كىنو باشلىنىپ بولغانىكەن. ئورنۇمنى ئاران تاپ-
تىم. قارىسام مەن ئولتۇرىدىغان ئورۇندا بىر ياش يىگىت ئولتۇ-
رۇۋاپتۇ. مەن ئۇ ياشقا قاراپ:

— ھەي يىگىت، سىز ئولتۇرغان ئورۇن مېنىڭكى ئىكەن.
سىزنىڭ ئورنىڭىز قەيەردە،— دېدىم ئاۋازىمنى ئاستا چىقىرىپ.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى. مەن كىنو كۆرۈۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى، كولۇبنىڭ جىملىقىنى بۇزماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاستا كەينىمگە ياندىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى ھېس قىلىپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم. شۇ چاغدا كىنوخانىدىكى مەن تونۇيدىغان خىزمەتچى خادىم ئۇچراپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ سالام بەردى - دە: «ئالىمجان، يېنىپ چىقىپسىزغۇ، كىنونى كۆرگۈڭىز كەلمىدىمۇ نېمە؟» دېدى.

— ياق، كۆرگۈم بار ئىدى. مەن ئولتۇرىدىغان ئورۇندا باشقا بىرى ئولتۇرۇۋاپتۇ. مېنىڭ بىلىتىم ھازىر قويۇلىدىغان كىنونىڭ بىلىتى ئەمەس ئوخشايدۇ، — دېدىم. ئۇ:

— ئەكېلىڭا بىلىتىڭىزنى؟ — دەپ قولۇمدىكى بىلەتنى ئالدى، قولچىرىغىنى يېقىپ مېنى باشلاپ ماڭدى. بىلەتتە كۆرسىتىلگەن رەتكە بارغاندىن كېيىن، مەن ئولتۇرىدىغان ئورۇندا ئولتۇرغان ياشتىن سورىدى:

— سىزنىڭ بىلىتىڭىز قېنى؟

ئۇ يىگىت گەپ قىلمايلا ئورنىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن بىلەت تەكشۈرگۈچىگە رەھمەت ئېيتىپ ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. كىنو قويۇلۇپ بىر ئاز ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ كىنونى ئاخىرىغىچە قىزىقىپ كۆردۈم. كىنو تۈگەپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتسام ئارقامدىن كىمدۇر بىرى مېنى چاقىردى. قارىسام قوشنىمىز راخمان ئىكەن.

— ھوي، سىزمۇ كىنوغا كەپتىكەنسىز - دە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈۋېتىپ.

ئىككىمىز يول بويى كىنودىن ئالغان تەسىراتلىرىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ ماڭدۇق. مەن بۈگۈنكى كىنو بىلىتىنى كىمدىن، قانداق ئالغانلىقىمنى، بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى، شۇ سەۋەبتىن كىنونىڭ باش تەرىپىنى كۆرەلمەي قالغانلىقىمنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. راخمان گەپلىرىمنى بۆلمەي ئەستايى-

دىل تىڭشىدى. ئۇ مېنىڭ دەسلەپتە بېلەت ساتقان بالىدىن گۇمانلانغانلىقىمنى، مەسىلە ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئۇ بالىغا بولغان خەيرخاھلىقىمنى ئاڭلاپ گەپ قىستۇردى:

— مەسىلە بېلەت ساتقان بالىدا ئەمەسكەن دەڭا، — دېدى راخمان، — مەنمۇ ئۆتكەندە شۇنداق بىر ئىشقا دۇچ كەلدىم، — ئۇ نېمىلەرنىدۇ ئېسىگە ئېلىۋاتقاندەك بىر ئاز تۇرۇۋالدى، — شەنبە كۈنىغۇ دەيمەن. چۈشتىن كېيىن كوچا ئايلىنىپ كېلەي دەپ چىقىپ، كىنوخانا ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. كۆزۈم دەرھال ئېلان تاختىسىغا چۈشتى. قارىسام، ياخشى بىر كىنونىڭ قويۇلىدىغانلىقى يېزىلىپتۇ. قىزىقىپ بېلەت سېتىش ئورنىغا بېرىپ بىر بېلەت ئالدىم. بېلەتتىن ئولتۇرىدىغان ئورنۇمنىڭ قانچىنچى رەت، قانچىنچى ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. كىنو باشلىنىشقا ئون - ئون بەش مىنۇت بار ئىدى. يانچۇقۇمدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردۇم. نېرىدا بىر خىزمەتدىشىم تۇرغانىكەن، چاقىردى، باردىم. بىر ئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن سائىتىمگە قاراپ كىنوخانا ئىشىكىگە كەلگەندە يانچۇقۇمغا قول سالسام بېلەت يوق. ئۇياق - بۇيېقىمنى ئىزدەپ باقتىم. شۇ چاغدا بىر بالا: «ئاكا!» دەپ دىققىتىمنى بۆلدى. قارىسام كىچىك بالىكەن، ئون بىر - ئون ئىككىلەردە بارغۇ دەيمەن. ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ: «نېمىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي بېلەت سېتىش ئورنىغا قاراپ ماڭسام، ئۇ ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىپ: «ماۋۇ بېلەت سىزنىڭغۇ دەيمەن، يولدىن تېپىۋالدىم» دېدى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام راست شۇ بېلەت. مەن قولۇمغا ئالغان بېلەتنى بالىغا تەڭلەپ: «رەھمەت، ئۇكام! بۇ بېلەتنى سەن ئېلىپ كۆر، مەن ئۆزۈمگە كاسسىدىن بېلەت ئالاي!» دېدىم. بالا بېشىنى چايقاپ: «رەھمەت، ئاكا، پۇلۇم بار. ئۆزۈم بېلەت ئېلىپ كۆرىمەن» دېگىنىچە بېلەت ئالغىلى كاسسىغا كەتتى. بالىنىڭ سەمىمىي، ساپ قەلبىدىن،

ئېسىل پەزىلىتىدىن سۆيۈنۈشۈم كۈچىيىپ، تومۇرلىرىمدا ئۈنىڭغا بولغان ئامراقلىقىمنىڭ هارارىتى جۇش ئۇردى.

مەنمۇ ئىچىمدە راخماننىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مىننەتدارلىقىغا ھەمنەپەس بولۇپ، يېڭى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ساغلام، ياراملىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، خېلى يەرگىچە جىم ماڭدىم. تار كوچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە راخمان ئىككىمىز خوشلىشىپ ئايرىلدۇق. بۇ چاغدا كۆكتىكى ئاي، يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپ چۈشكەندەك ئەتراپ يوپيورۇق بولۇپ كەتكەندى.



# يېڭى ھېكايە

دادام دائىم گېزىت، كىتاب كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئوقۇغانلىرى-
دىن بەزىلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىدۇ، تېخى چۆچەك، لەتىپە،
تېپىشماقلارنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ. دادام ھېكايە ياكى چۆچەك
ئېيتسا ئاغزىغا قاراپلا قالىمەن، چۈنكى ئۇ ھېكايە، چۆچەكلەردى-
كى بوۋاي، موماي، بالىلارنىڭ سۆزلىرىنى شۇلارغا خاس ئاۋاز
بىلەن ئېيتىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ ياكى نەر-
سىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنىمۇ ئەينەن دوراپ دەپ بېرىدۇ. شۇڭا، مەن
تېلېۋىزور كۆرمىسەم كۆرمەيمەنكى، دادامنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭ-
لاپ تۇرمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

بۈگۈن مەن مەكتەپتىن كېلىپ، سىرتتا بىردەم ئويناپ
ئۆيگە كىردىم ـ دە، تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلىگەچ دادامنىڭ كېلىشى-
نى كۈتتۇم.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي دادام ئىشتىن قايتىپ كەلدى. تاماقنى-
نى يەپ، ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرمەكچى
بولدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇ-
رۇۋالدىم. دادام ماڭا قاراپ:

— سەنمۇ تېلېۋىزور كۆرەمسەن؟ تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلى-
مەمسەن، — دېدى.

— تاپشۇرۇقۇمنى بايا بىر ئاز ئىشلىدىم. ئەدەبىيات مۇئەللى-
مىمىز بۈگۈن بىزگە: «ئۆيگە بارغاندا بىرەر ھېكايە تېپىپ
ئوقۇڭلار، مەزمۇنىنى پىششىق ئىگىلەپ، مەشىق دەپتىرىڭلارغا
يېزىۋېلىڭلار!» دېگەنىدى. سىنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن. ماڭا بىر

ھېكايە ئېيتىپ بېرە، — دېدىم دادامنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تەلمۈرۈپ.

دادام بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى - دە، ماڭا قاراپ دېدى:

— ئۆتكەندە مەن ساڭا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەردىن بىرە- رىنى ئەسلەپ يازساڭ بولمامدۇ؟

— ياق، يېڭى ھېكايە ئېيتىپ بېرىسەن؟ — دېدىم دادامنىڭ يېنىغا يېقىن سۈرۈلۈپ.

— ھەي، سەنزە ئېيتقىنىڭنى قىلدۇرماي قويمايسەن - ھە! بوپتۇ، مەن ساڭا كىچىك چاغلىرىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن، ئېسىم- دىن چىقمايدىغان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ ئىشنى ئاپاڭمۇ تېخى ئاڭلىمىغان، — دەپ يېڭى ھېكايىسىنى باشلىدى دادام ئىككى قولىنى ئۆزىنىڭ تىزىغا قويۇپ.

مەن زوق بىلەن دادامنىڭ ئاغزىغا قارىدىم. دادامنىڭ باش- تىن - ئاخىرىغىچە ئېيتقانلىرى كۆڭۈل دەپتىرىمگە مۇنداق تىزىلدى:

«مەن ئون بەش ياشقا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى موماڭ مېنى يېنىغا چاقىرىپ: ‹ بالام، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن. ئاغرىقىم ساقايماقتا يوق، ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. سىلەرگە تاماق ئەتمىسەم بولمىغان، ئېتەي دېسەم پۇت - قوللىرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. ئەتە ھارۋىنى قوشۇپ، نىلقىدىن ھەدەڭنى ئەكەلسەڭ بوپتىكەن. ماڭا بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ياردەملەشسە، دېدى.

مەن موماڭنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ، خادىك ھارۋىمىزنى قوشتۇم. موماڭ ماڭا يولدا ھەمراھ بولسۇن دەپ ئىنىمنى — پىدا كىچىك داداڭنى قوشۇپ قويدى. ئۇ، شۇ چاغلاردا سەنچىلىك بار ئىدى. ئىنىم ئىككىمىز ناشتا قىلىپ بولۇپلا يولغا چىقتۇق. بىزنى بوۋاڭ بىلەن موماڭ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. خادىك ھارۋىغا قېتىلغان تولۇمدەك

سېمىز تورۇق ئات بىزنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ ماڭدى. بىر دەمدىلا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرى، باراقسان مەھەللىلىرى ئارقىمىزدا قالدى. ھارۋىمىز يەنىلا بىر خىل تېزلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. پايانسىز كەڭ بوشلۇققا چىقتۇق. ئاۋۇن مەھەللىلەر، يېشىل ئېدىرلار، كەڭ داللار... يېنىمىزدىن تىزلىپ ئۆتمەكتە. مەن بۇ يولدا بىر قېتىم ماڭغان، ئۇ دادام بىلەن نىلقا ناھىيىسىگە تۇنجى قېتىم بارغان چاغلىرىم ئىدى. شۇڭا، بۇ يوللارنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئوبدانلا تونۇش. لېكىن، بۇ يوللاردا ئىنىم پىدانىڭ تۇنجى قېتىم مېڭىشى. ئۇ يول بويى مەندىن ئۇنى - بۇنى سوراپ، مېنى ھاردۇرۇپ قويايلا دېدى. خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن سۇپتايغا كەلدۇق. بىز بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىگەنلىكى چاي - پاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، يولىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. ھارۋىمىز مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئەمدى بىز كەڭ دالا ۋە سايلارنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، تاغ بېغىرلاپ كېتىۋاتىمىز. ئوڭ تەرىپىمىز چەكسىز ئۇزۇن كەتكەن ئېگىز تاغ. نەدىندۇر شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. بىر چاغدا ھارۋىمىز چوڭقۇر جىرانى بويلاپ، تىك تاغ باغرىدىكى تار يولغا چۈشتى. تورۇق ئات پات - پات پۇشقۇرۇپ قوياتتى. ھارۋا يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى يېنىمىزدىكى تاغ تېخىمۇ ئېگىز، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارىساڭ دوپپاڭ يەرگە چۈشىدۇ. سول يېنىڭغا قارىساڭ كۆز يەتكۈسىز جىرا، ئەتراپى بۈك توقايلىق. جىرا ئىچىدىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان قاش دەرياسىنىڭ سۈرلۈك شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. جىرا ئەتراپىنى تال، سۆگەت، قارىياغاچلار قاپلاپ كەتكەن.

ئىشقىلىپ، ئەتراپ ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى. يېنىمغا قارىسام ئىنىم نېمىشقىدۇر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا: «پىدا، قورقۇۋاتامسەن؟ قورقما، دەپ تەسەللى بېرىپ قويىمەن. ئانچە ئۆتمەي ئۇ ئۇخلاپ قالدى.

مەن بوجىنى چىڭ تۇتۇپ، هارۋىنى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن... نېمە بولدى بىر چاغدا ئات تۇيۇقسىز ئۈركۈپ، هارۋىنى ئەپقاچتى. بوجىنى تارتسام ئات ماڭا ھېچ بوي بەرمەس. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ھودۇقۇپ كەتتىم. ئىنىم ئۇيقۇدىن جۆيلۈپ ئويغانغاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايلىرى تاتىرىپ ئولتۇراتتى. مەن بار كۈچۈمنى يىغىپ، بوجىنى قاتتىق تارتىپ باقتىم. بوجىنى تارتقانسېرى ئات يۇلقۇنۇپ ئالغا چاپاتتى، هارۋىنى ئۆرۈلۈپ كېتىشكە قارىماي ئەپقاچاتتى. مەن شاش، يۈگۈرۈك تورۇق ئات بىلەن كۈچ ئېلىشالماي، ئىنىمنى قۇچاقلاپ هارۋىدا چىڭ ئولتۇرۇۋالدىم. هارۋا ھېلىلا كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر جىراغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كاللامنى قورقۇنچلۇق خىياللار چىرمىۋالدى. ئات تار يولدىن چىقماي چاپماقتا. ئەگەر هارۋا سول تەرەپكە بىرئاز قېيىپ كەتسىلا تېگى كۆرۈنمەيدىغان چوڭقۇر جىراغا دومىلاپ چۈشەتتى. ئۇ چاغدا ئات - هارۋىمۇ، بىزمۇ بۇ دۇنيادىن خوشلىشاتتۇق. شۇ چاغدا كۆز ئالدىمغا بوۋاڭ، موماڭ، يېنىمدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان ئىنىم كەلدى. ئىنىم قورقۇمسىراپ ئولتۇرسىمۇ كۆزىدە ياش كۆرۈنمەيتتى، يىغلىمايتتى. مەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزۈمنى بىرئاز تۇتۇۋالدىم، ئۇنىڭغا تەشۋىشىمنى بىلىندۈرمەي، خۇدادىن ئامان - ئېسەنلىك تىلەيتتىم...

نېمە ئۈچۈندۇر بىر دوقمۇشقا كەلگەندە ئات بىردىنلا چىپىشتىن توختىدى. ھەيران بولۇپ ئىنىمغا قارىدىم. ئۇمۇ ماڭا قارىدى... مەن ئاستا هارۋىدىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ بېشىنى، يالدىسىنى، بويۇنلىرىنى سىلىدىم. ئەقىللىق ئات ئېغىزلىرىنى ماڭا سۈركەپ، تېز - تېز پۇشقۇرۇپ قويدى. مەن هارۋىغا چىقىپ، بوجىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئاتنى ئۆز مېڭىشىغا ماڭدۇردۇم. يەرگە گۇگۇم چۈشكەندە نىلقا ناھىيىسىگە يېتىپ چىقتۇق. ئانچە قىينالمايلا ھەدەملەرنىڭ ئۆيىنى تاپتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بۇرۇن

بارغانىمىدىڭ دەمسەن؟ بايا مەن دادام بىلەن ئىلىقىغا بىر قېتىم بارغان دېدىمغۇ. ھەدەملەرنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى شۇ چاغدا بىلىۋالغان. ھەدەملەر مېنىڭ بىلەن ئىنىمنىڭ — پىدا كىچىك داداڭنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئالدىمىزغا چىقىپ، بىزنى ئۆيگە باشلىدى...

غولجىغا قايتىپ كەلگەندە يولدا بولغان ئىشلارنى مەن بوۋاڭ بىلەن موماڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتسام، موماڭ قورقىنىدىن ياقىسى-نى تۇتۇپ يىغلىغىلى تۇردى. بوۋاڭ موماڭغا قاراپ:

— نېمىگە يىغلايسەنوي، يىغلىغىنىڭغا نېمە ئىش پۈتىدۇ؟ ئات ئالدىدىن تۇيۇقسىز چىققان توشقاندىن ياكى باشقا جانىۋارلاردىن ئۈركۈپ كېتىپ، ھارۋىنى ئەپقاچقان چېغى. ھېلىمۇ ھارۋا ئۆرۈ-لۈپ كەتمەپتۇ، شۈكۈر قىل! بالىلار كىچىكىدە مانا شۇنداق ئىشلاردىن خەۋەردار بولغىنى، ئىسسىق - سوغۇقنى، قىيىنچى-لىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغىنى ياخشى. بۇ، بالىلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ. كىچىكىدە چېنىقمىغان، پىشمىغان بالا قورقۇنچاق، بوشاڭ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئاتىلارغا خاس تەلەپچانلىق بىلەن... مەن بوۋاڭنىڭ شۇ چاغدا ئېيتقان بۇ گەپلى-رىنى ھازىرغىچە ئېسىمدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.»

دادام ھېكايىسىنى ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن ئاياغلاشتۇ-رۇپ، «بۇ ھېكايە بولامدىكەن» دېگەندەك ماڭا قاراپ قويدى.

مەن دادامنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن تەسىرلىنىپ:

— ھېكايەڭ ياخشىكەن، دادا، سىلەر راستتىنلا قەيسەر ئىكەنسىلەر. ئېغىر خەتەر ئالدىدا بوش كەلمەپسىلەر. مەنمۇ سەندەك قەيسەر بولىمەن، — دېدىم دادامغا تېخىمۇ ئامراقلىقىم كېلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىچىك مۇخبىر

## 1

پەرندە ساۋاقدىشى رۇقىيە بىلەن دەرستىن چۇشۇپ ئۆيلىرى-گە بىللە ماڭدى. ئۇلار يولدا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا ئالدىدىن يېشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان، بۇغداي ئۆڭ، ئېگىز بوي بىر كىشى چىقىپ كەلدى. رۇقىيە ئۇنى كۆرۈپ سالام بەردى. ھېلىقى كىشى رۇقىيەنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، نېمىگىدۇر ئالدىرا-ۋاتقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن غەمكىنلىك، پەرىشانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى پەرەندە ساۋاقدىشى رۇقىيە-دىن.

— بىزنىڭ قوشنىمىز ئالىمكام. ئۇ كىشىنىڭ ئايالى خېل-چەم ھەدەم قاتتىق ئاغرىق. دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى بار: چوڭى ئوغۇل، سەككىز ياشتا؛ كىچىكى قىز، تۆت ياشتا. بىچارە ئالىمكام بىر ياقتىن ئاغرىقچان ئايالىنى داۋالاشنىڭ ئويىدا، يەنە بىر ياقتىن ئىككى بالىسىنى بېقىشنىڭ كويىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقا بارمىسا بولمىغان، — دېدى خورسىنىپ رۇقىيە.

— ئايالى نېمە ئاغرىقكەن؟

— ئاق قان كېسىلى دەمدۇ نېمە؟ ئاپاملارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يامان كېسەل ئوخشايدۇ. ئالىمكام ئايالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەپتۇ. بۇ پۇلنى ئۇ ئۆيىدىكى بەزى مۇھىم نەرسىلەرنى سېتىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىدىن

قەرز ئېلىپ ئاران يىغىپتۇ. دوختۇرلار ئالىمكامغا يەنە شۇنچە-
لىك پۇل ئەكېلىشنى، بولمىسا كېسەلنى داۋالاش ئۈزۈلۈپ قالى-
دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بىچارە ئالىمكامنىڭ دې-
مى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى دېگىنە؟ ئاسانمۇ يەنە شۇنچىلىك پۇل
تاپماق؟ شۇڭا ئۇلارغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، — ئېغىر «ئۇھ»
تارتىپ قويدى رۇقىيە.

— ئامالسىزلىقتىن ھەممە چارىلەرنى قىلىپ بېقىپتۇ ـ دە،
بىچارە ئاكىمىز. سەن دېگەندەك تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقى كىشىنى
نېمە كۈنلەرگە سالمايدۇ دەيسەن؟ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھ-
ۋالدا قاپتۇ بۇ ئائىلە! — خەيرخاھلىق بىلدۈردى ئىچ ئاغرىتىپ
پەرىدە، — ئۆتكەندە گېزىتكە بىر ئوقۇغۇچى قىز توغرىسىدىكى
ماقالە چىقىپتىكەن، كۆردۈڭمىكىن؟ ئۇ قىزمۇ ئاشۇنداق كېسەل-
گە گىرىپتار بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. قىزنىڭ دادىسى
يوق ئىكەن. ئانىسى بىچارە نۇرغۇن پۇل خەجلەپتۇ. بىراق، قىز
تۈزۈك ساقىيالماپتۇ. ئانا قىزىنى داۋالىتىشقا ئىقتىسا-
دىي جەھەتتىن ئامال قىلالماي يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ
ئەھۋالىدىن قولۇم ـ قوشنىلىرى، قىزنىڭ مەكتىپىدىكى ئوقۇت-
قۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار خەۋەر تېپىپ، ئاز ـ تولا ئىئانە توپلاپتۇ.
ئەھۋالنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ
ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. مەكتەپ مەسئۇللىرى ئىئانە قىلىن-
غان پۇللارنى توپلاپ، قىزنىڭ ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئاڭلى-
ساق، ئۇ قىز داۋالىنىپ خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ-
دەك، — پەرىدە شۇنداق دەپلا جىم بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى
ئەمدى رۇقىيەدىن ئاڭلىغان ئېچىنىشلىق ئىشنىڭ ۋەھىمىسى
چىرمىۋالغانىدى.

پەرىدە ئۆيگە كېلىپ ئاپىسى ئېلىپ قويغان تاماقنى كۆڭلى
تارتماي يېدى ـ دە، يەنە خىيالى بايىقى خىياللىرىغا ئۇلىنىپ
كەتتى. كۆز ئالدىدىن رۇقىيە سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشلىرى تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەر خىل چارە-لەرنى ئويلاپ باققان بولسىمۇ، ئۇنى بىرەر تۈگۈچكە ئېلىپ كېلەلمىدى. ئۇ پەرىشان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق قاچىلىرى-نى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا يېنىغا ئاپىسى كېلىپ:

— تاماقنىڭنى يېمەيسەنغۇ، بىرەر نەرسە يەۋالغانمىدىڭ؟ — دېدى قىزىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن ھەيران بولۇپ. چۈنكى پەرىدە كۈندە دېگۈدەك ئاپىسى ئېلىپ قويغان تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماي يەۋېتەتتى.

پەرىدە ئاپىسىغا كۆڭلى تاماققا تارتمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ساۋاقدىشى رۇقىيەدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئاپى-سى ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئىچى ئاغرىدى:

— تۇۋا، كېسەل دېگەن يامان ـ ھە! ئۇ بىچارىنىڭ پۇلى بولغان بولسا ئائىلىنى بۇ ۋاققىچە داۋالىتىپ ساقايتىۋالغان بولار ئىدى. «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ قۇربىتى يەتمەي قاپتۇ ـ دە!

پەرىدە ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، تاماق قاچىلى-رىنى يىغىشتۇردى ـ دە، دەرس تەييارلاشقا ئولتۇردى.

## 2

بۈگۈن شەنبە. ھاۋا نەمخۇش، ئاسماندا بۇلۇتلار ئېغىر كار-ۋاندەك ئاستا شەرققە سۈرۈلەتتى. دىماغقا يامغۇرنىڭ ھىدى كې-لىپ تۇراتتى. پەرىدە ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۆيدىكى ئىشلى-رىنى تۈگىتىپ، دوستى رۇقىيەلەرنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ قوزغالدى.

— نەگە ماڭدىڭ، قىزىم، يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ، يامغۇرلۇقۇڭنى ئېلىۋال، — دېدى ئانىسى كۆيۈمچانلىق بىلەن.

— رۇقىيەلەرنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدىم، يامغۇر ياغقۇچە قاي-تىپ كېلىمەن.

«ھەي، بالىدە... بالا! ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە يامغۇر ساقلاپ
تۇرامدىكىن، — دەپ ئويلىدى ئانا قىزىنىڭ ساددىلىقىدىن ئىچىدە
كۈلۈپ، — بۈگۈن دەم ئېلىش بولغاندىكىن ئۆيدە دەم ئال-
سىچۇ؟»

پەرىدە دەرۋازىدىن چىقىپ، قەدەملىرىنى تېز - تېز ئېلىشقا
باشلىدى. خىيالىدا يەنىلا رۇقىيەدىن تۈنۈگۈن يولدا ئاڭلىغان
بىمارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتى... ئۇ يولدا
كېتىۋېتىپ: «مەن بىر كىچىك مۇخبىر. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇچۇر-
دىن مەكتەپنى، ئوقۇتقۇچىلارنى خەۋەردار قىلىشىم، بارلىق ئو-
قۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەيرخاھلىقىنى قوزغاپ، ئالىمكام-
نىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى، ئېغىرچىلىقنى يېنىكلىتىشكە
كۆچ چىقىرىشىم كېرەك» دەپ ئويلايتتى. ئىشنى نېمىدىن،
قەيەردىن، قانداق باشلاشنى تەكرار - تەكرار كاللىسىدىن ئۆتكۈ-
زەتتى. ئۇ ئاخىر بۇ رېئال، مۇھىم ئۇچۇر ئارقىلىق جامائەت
پىكرى قوزغاشنىڭ لازىملىقى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە يار-
دەم توپلاشنىڭ يولىنى ئېچىش زۆرۈرلۈكىنى كاللىسىدا بېكىت-
تى. ئۇ شۇ ئويىغا ئاساسەن ئۆزى بىلىدىغان ئوقەتچىلەرنى،
كارخانىچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا بۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇ-
رۇپ، پىكىر، مەسلىھەتىنى ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئاشۇ
ئويلار بىلەن رۇقىيەلەرنىڭ ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەز-
مىدى. رۇقىيە ئۆيدە ئىدى. ئىككى دوست قىزغىن كۆرۈشكەن-
دىن كېيىن، پەرىدە ئۇنىڭغا تۈنۈگۈندىن بېرى ئويلىغان ئويلىرى-
نى ئېيتىپ بەردى... شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىسى بىرلىكتە
سىنىپ مەسئۇلى سائادەت مۇئەللىمنىڭ ئۆيگە ماڭدى. سائادەت
مۇئەللىم پەرىدەنىڭ ئۇچۇرىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئويلىرىنى
ئاڭلاپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزىمۇ دۈشەنبە كۈنى بۇ
ئىشنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە يەتكۈزىدىغانلىقىنى، تەشكىل ئار-
قىلىق مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئىئانە بېرىشكە

www.uyghurkitap.com

قوزغاش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پەرىدە ئۆيىگە قايتىۋېتىپ «قارلەيلىسى» رېستورانىغا كىردى. ئۇ رېستوران خوجايىنىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەتىگە بىر ئۇستەل ئېلىش ئويى بارلىقىنى بىلدۈردى. رېستوران خوجايىنى ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن سورىدى:

— مېھمانلىرىڭىز دوستلىرىڭىزمۇ؟

— ياق، چوڭلار، سىزگە ئوخشاش ساخاۋەت ئىگىلىرى، — دېدى پەرىدە ئەھۋالنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ.

— شۇنداقمۇ؟ بىراق، ئەتە بوش ئۇستەل يوق. ئۆگۈنلۈككە بىر ئۇستەل ئاجرىتىپ بېرەيلى، بولامدۇ؟

— بوپتۇ. تاماقنى شۇ كۈنى مېھمانلار كەلگەندە بۇيرۇتسام بولار؟

— بولىدۇ، — دېدى رېستوران خوجايىنى قىزغىنلىق بىلەن.

پەرىدە رېستوران خوجايىنى بىلەن بىرئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىگە قايتتى. بۇ چاغدا كۆكتىكى قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەندى...

— قىزىم، ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — باياتىن بېرى ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ئانا قىزىنى كۆرۈپ سورىدى، — يامغۇردا قالمىغاندسەن؟

— يامغۇر يېغىۋاتقاندا مەن بىلەن رۇقىيە ئىككىمىز سائادەت مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە ئىدۇق. ئىشلىرىم پۈتكۈچە بىرئاز ھايال بولۇپ قالدىم.

— قورسىقىڭمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ؟ تاماق قىلىپ بېرەيمۇ؟ — سورىدى ئانا كۆيۈمچانلىق بىلەن.

— ياق، قورسىقىم توق. رۇقىيەلەرنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچدۋالدىم.

— ئەمىسە دېمىڭنى ئېلىۋال، كېيىن تاماق قىلىپ بېرەي.

پەردە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سومكىسىدىن قەلەم ئېلىپ باغاق يېزىقا ئولتۇردى:

ھۆرمەتلىك: ...
سىزنى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئورۇمچى ۋاقتى سائەت ئىككىدە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلىمەن.
ھۆرمەت بىلەن: پەردە ئۆمەر
ئورنى: «قارلەيلىسى» رېستورانى 15 - ئۈستەل.

ئۇ تېزىملاپ قويغان كىشىلىرىگە باغاقلارنى يېزىپ بولۇپ سومكىسىغا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارغا دەيدىغان گەپ-لىرىنى ئويلاپ كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. ياتقان چاغدىمۇ بۇ گەپلىرى-نى ئويلاپ ياتتى. بىراق، قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى.

## 3

«قارلەيلىسى» رېستورانى — شەھەردىكى چوڭ رېستورانلار-نىڭ بىرى. ئۇنىڭ ياسىداق بىناسى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنى ئۆزىگە قارىتاتتى. زال ئىچى تېخىمۇ گۈزەل، ئازادە. رەڭلىك لامپۇچكىلار زال ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. رېستوراننىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى، تام - تورۇسلىرى چىراي-لىق زىننەتلەنگەنىدى. پاكىز، يارىشىملىق كىيىنگەن كۈتكۈچى قىزلار ئۈستەللەرنى ئالدىراش تۈزەشتۈرۈپ يۈرەتتى. قاتار، رەت-لىك تىزىپ قويۇلغان ئۈستەللەر كۆپ ئىدى. بۈگۈنمۇ بۇ يەردە تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى، دوستلار ئولتۇرۇشى بولماقچى. كۈت-كۈچىلەر ساھىبخانىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۈستەللەرگە ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈم، قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

تىزىشقا كىرىشكەن. 5 ـ قاتاردىكى 15 ـ ئۈستەلگىمۇ ئاپئاق داستىخان سېلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى گۈللەر قاچىلانغان لوڭقا قويۇلغان، ئەتراپىغا خونچا ـ چىنە، قوشۇق، سالفىتكىلار تىزىلغان...

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سائەت ئىككىلەر ئەتراپىدا مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار باغاقلاردا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارغا بىرىپ ئولتۇرۇشتى. زال ئىچى بارغانچە ئاۋاتلىششقا باشلىدى. 15 ـ ئۈستەلگىمۇ مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىگە باغاق ئېلىپ بارغان قىزنى كۆرۈپ سالاملاشتى. «ساھىبخانا چوڭ ئادەم بولۇشى كېرەك» دەپ پەرەز قىلىشقان بۇ مېھمانلار قىزغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

— قىزىم، مېھمانلار كېلىپ بولغان ئوخشايدۇ، ساھىبخانا كۆرۈنمەيدىغۇ؟

پەرىدە نېمە دېيىشنى، قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆرگەن، بەزىلىرىنى كۆرمىگەنىدى. قىز ئەمدى ئۆزىنى تونۇشتۇراي دەپ تۇرۇشىغا ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرەيلەن:

— قىزىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— پەرىدە.

— ھوي، بىزگە بېرىلگەن باغاقتىكى ساھىبخانىنىڭ ئىسمىمۇ پەرىدە ئىكەن، — دەپ ھەيران بولدى سوئال سورىغان ئادەم.

شۇ ئارىدا كۈتكۈچى قىز كەلدى ـ دە، «چاينى تارتقۇبېرەيلىمۇ؟» دېدى پەرىدەگە.

پەرىدە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەل ئەتراپىدا ئولتۇرغان مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلەن ئەللىق قاراپ قويدى، ئۈستەل ئۈستىدە چايدىن باشقا

ئەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ، بەدەنلىرى ئوت ئالغاندەك بولدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن ئۆز ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئويلاپ قويغان گەپلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئاكىلار، تاغىلار! چاقىرىلغان مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ بولدى، پەقەت ئابدۇرېشىتكام كېلەلمىدى. كېچىكىپرەك كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بىر ئازدىن كېيىن كېلىپ قالار. بىز سۆھبىتىمىزنى باشلاۋېرەيلى، — پەرىدە ئۈستەل ئەتراپىدىكى مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا «قارلەيلىسى» رېستورانىنىڭ خوجايىنى ئابدۇرېشىت كېلىپ قاتاردىن ئورۇن ئالدى. پەرىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئۈستەلنىڭ ساھىبخانى مەن بولىمەن. ئىسمىم پەرىدە. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيمەن. مەن سىلەرنى مۇھىم بىر زۆرۈرىيەت بىلەن بۇ يەرگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلدىم. بىراق، تاماق بۇيرۇتالمىدىم...، — ئۇ شۇنداق دەپ يەرگە قارىدى.

— سۆزلەڭ، سىڭلىم، سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى يېڭىلا ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرغان ئابدۇرېشىت پەرىدەگە قاراپ، — ئالدى بىلەن كالام، ئاندىن تائام. تاماقنى مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

پەرىدە ئابدۇرېشىتنىڭ گېپىدىن روھلىنىپ ۋە خۇش بولۇپ مېھمانلارغا قاراپ قويدى ـ دە، ئاساسىي مەقسەتنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، مەن سىلەرنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ مۇھىم بىر ئۆچۈرنى سىلەرگە يەتكۈزمەكچىدىم. شۇ ھەقتە سىلەردىن — مەرىپەتپەرۋەر، ئاق كۆڭۈل تاغىلاردىن مەسلىھەت، ياردەم سورىماقچىمەن، — ئولتۇرغان مېھمانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، جىگەرلىك بۇ قىزنىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. پەرىدە ئىنچىكە، جاراڭلىق ئاۋازى

بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن يېقىندا بىر ساۋاقدىشىمدىن ئۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ئېغىر قىسمەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېچىشتى. مەن هازىر سىلەرگە شۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى، بۇ ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئالىم ئاكىنىڭ، ئۇنىڭ بىمار ئايالىنىڭ، سەبىي باللىرىنىڭ تارتىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن...

پەردە ئۆزگە كۆز تىكىپ ئولتۇرغان مېھمانلارغا دوستى رۇقىيەدىن ئاڭلىغانلىرىنى، ئۇققانلىرىنى ئەينەن سۆزلىگىلى تۇردى. ئۇستەل ئەتراپىدىكى مېھمانلار، ھەتتا يان ئۇستەللەردىكى مېھمانلارمۇ پەردەنىڭ ھاياجانلىق، تەسىرلىك گەپلىرىنى بويۇن سوزۇپ ئاڭلىدى.

دەسلەپتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بۇ سورۇنغا چاقىرىلغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئولتۇرغان مېھمانلار ئەمدى بۇ ئاق كۆڭۈل قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈشتى. بىمارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلەسىدىكىلەرنىڭ قىسمەتلىرىدىن يۈرەكلىرى ئېچىشتى. بەزىلىرىنىڭ ئۆپكىلىرى ئۆرلەپ كۆزلىرى نەملەشتى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ كۆپچىلىككە نەزەر كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئۇماق قىزغا مېھمانلارنىڭ خەيرخاھلىقى كۈچىيىپ، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىزهار قىلىشتى.

— سىڭلىم، — دەپ سۆزگە تۇردى تۇنجى بولۇپ قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان، ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك كىشى، — بىزنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن چايغا چاقىرىلغانلىقىمىز ئەمدى ئايان بولدى. سىز ئېيتقان ئەھۋاللار مېنىمۇ قاتتىق تەسىرلەندۈردى. سىز تونۇشتۇرغان قېرىندىشىمىزنىڭ ئائىلىسى ئېغىر ئەھۋالدا قاپتۇ. مۇنداق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش، بولۇپمۇ بىمارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىساد بولمىسا بولمايدۇ. ئىقتىساد يېتىشمىسە دوختۇرلارغىمۇ نېمە ئامال دەيسىلەر. سىز

بىزنى بۈگۈن بۇ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى قىلدىڭىز. بۇ
ئۇچۇرنى بۇ يەردىكىلەرگىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ يەتكۈزۈش
لازىم. ياخشىسى، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەيلى. بۇ ئىشتىن خەۋى-
رىم بولمىغاچقا، كاللامدا تازا تەييارلىق بولماپتۇ. شۇنداق بول-
سىمۇ شۇ بىمارنىڭ ئازابتىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇشىنى ئۈمىد قى-
لىپ، ھازىرچە مىڭ يۈەن ياردەم قىلاي.

ئولتۇرغانلار قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. بايىقى ئوتلۇق سۆز-
لەردىن، قىزغىن چاۋاكلاردىن باشقا ئۈستەلدىكى مېھمانلارنىڭمۇ
دىققىتى بۇياققا بۇرالدى. ئارقىدىنلا ئۈستىگە قارا كاستۇم-
بۇرۇلكا كىيىپ، ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قىزىل رەڭلىك
گالستۇك تاقىۋالغان ياش يىگىت سۆز ئالدى:

— مېھمانلار، دوستلار، مەن بۈگۈنكى بۇ تاسادىپىي يىغى-
لىشتىن قاتتىق تەسىرلىنىۋاتىمەن. گەرچە بۇ يىغىلىشتىن دەس-
لەپتە بىر ئاز خەۋىرىم بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقىدەك ئۇقۇمغا
ئىگە ئەمەس ئىدىم. بۇ سىڭلىم بىمارنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ
ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەر-
گەندىن كېيىن ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىدى. مېنىڭچىمۇ، بۇ مېھمان
ئېيتقاندەك، باشقىلارنىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلايلى. كۆپچى-
لىكنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىمار قېرىندىشىمىزنى، ئۇنىڭ ئائى-
لىسىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرايلى! مانا شۇنداق ئىشلارغا ئاتىغان
پۇلىمىز، ئەلۋەتتە ئاز - كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەنى-
لىك، ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. بۇ ئەمەلىي غەمخورلۇق-
نى، ئادەمگەرچىلىكنى كۆرسىتىدۇ. مەن ئىككى مىڭ سوم ئىئا-
نە قىلاي. يەنە لازىم بولسا، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمگە
تەييارمەن.

— بۇ ئۇكام مۇشۇ رېستوراننىڭ ئىگىسى. ئىسمى ئابدۇرې-
شىت، — دەپ سۆز قىستۇردى دېرىزە تەرەپتىرەك ئولتۇرغان
ئېگىز بوي، گەۋدىلىك ئادەم.

سۆزگە چىقىشلار داۋاملاشتى. ئىئانە قىلىنغان پۇللارنىڭ

سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا يەنە ھېلىقى ئېگىز بوي، گەۋدىلىك كىرەك ئادەم سۆز قىستۇردى:

— بۇ ئىشتىن ئاۋۇ ئۇستەلدىكىلەرمۇ خەۋەر تېپىپ ئاتىغاندىلىرىنى بېرىشۋاتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلەر تېخى كۆپ. مۇمكىن بولسا بۇ ئىشقا ياردەم قىلغۇچىلارنى كۆپرەك جەلپ قىلايلى. بىر قېرىندىشىمىزنى بولسىمۇ ئازابتىن، ئەجەل ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرايلى!...

پەرىدە قولى ئۇچۇق، كۆڭلى تۈز بۇ ئادەملەرنىڭ ياردىمىدىن، مېھىر - شەپقىتىدىن قالتىس خۇش بولدى. «قارلەيلىسى» رېستورانىنىڭ خوجايىنى ئابدۇرېشىت مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. سورۇن جۇشقۇن، قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى. بىمارغا ئاتاپ پۇل ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار باشقا ئۇستەللەردىكى مېھمانلار ئىدى.

باياتىن بېرى ياردەمگە چۈشكەن پۇللارنى ئابدۇرېشىت ئۇستەل ئۈستىدىلا ساناپ، ئۇنى پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ تىزىملىكى بىلەن قوشۇپ پەرىدەگە تاپشۇردى. پەرىدە پۇل بىلەن تىزىملىكنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مېھمانلاغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپ، مۇنداق دېدى:

— بۇ مۇھىم ئامانەتنى ئابدۇرېشىتكام ساقلاپ قويسا، بۇنى ئەتىلا ئابدۇرېشىتكام بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، بىمارغا تاپشۇرۇپ بەرسەك.

كۆپچىلىك پەرىدەنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئابدۇرېشىتمۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

**4**

كۈن غەربكە قىيسايغان، ئەتراپتىن ئىللىق باھارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. چوڭ كوچىدا ماشىنىلار ئۈزۈلمەي ئۆتمەكتە. پەرىدە سىنىپ مۇدىرى سائادەت، «قارلەيلىسى» رېستورانىنىڭ

خوجايىنى ئابدۇرېشىت بىلەن يول ياقىسىغا كېلىپ «تاكسى»
توسىدى. ئۇلار ئالدىغا كېلىپ توختىغان كىچىك ماشىنىغا ئول-
تۇرۇپ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى دوختۇر-
خانىغا يېتىپ كېلىپ ئۇدۇل بالنىستقا كىردى. ئۇلارنى خەلچەم-
نى داۋالاۋاتقان دوختۇر بىلەن سېسترالار، خەلچەمنىڭ يولدىشى
ئالىم ئالدىغا چىقىپ كۇتۇۋالدى. ئۇلار بىرلىكتە كۆزىتىش ئۆيى-
گە بېرىپ خەلچەمنى يوقلىدى. ئۇنىڭغا تونۇغان - بىلگەن كىشى-
لەرنىڭ، پەرىدە ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ، «قارلەيلىسى» رېستوراندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ، شۇنىڭدەك خەلچەمدىن ئالاھىدە ئەھۋال سوراپ ئىئانە يول-
لاشقان ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قىزغىن سالاملىرىنى يەتكۈز-
دى. ئابدۇرېشىت هال سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە ۋاكالىتەن
مۇنداق دېدى:
— خەلچەم هەدە، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپقان
كىشىلەر تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىڭىزنى تىلەيدۇ. بىر قىسىم
ساخاۋەت ئىگىلىرىنىڭ سىزنىڭ داۋالىنىشىڭىز ئۇچۇن ئەۋەتكەن
بۇ قىممەتلىك ياردىمىنى — ئۇلۇشكۇندىن بېرى يىغىلغان بۇ
پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىدۇ،— ئۇ قىزىل كونۋېرتقا
سېلىنغان پۇل بىلەن پۇل ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى
خەلچەمنىڭ يولدىشى ئالىمغا تاپشۇردى، ئاندىن گېپىنى داۋاملاش-
تۇردى، — بۇ ياردەمنى توپلاشتا، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا كەل-
گەن ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇشتا بۇ كى-
چىك سىڭلىمىز پەرىدەنىڭ رولى چوڭ بولدى. بۇياق پەرىدەنىڭ
ئوقۇتقۇچىسى سائادەت. مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇرېشىت، «قارلەي-
لىسى» رېستوراندا ئىشلەيمەن...
ئابدۇرېشىت، سائادەت، پەرىدەلەر خەلچەم بىلەن قول تۇتۇ-
شۇپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىي تىلەكلىرىنى،
قىزغىن ئۇمىدلىرىنى بىلدۈردى...

كېسەللىكنىڭ قاتتىق ئازابىنى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق- نىڭ ئېغىرچىلىقىنى تارتىۋاتقان خەلچەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ئالىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش مۇنچاقلىرى تۆكۈلدى.

— سىزگە، سىز ئارقىلىق بارلىق ھەممەت ئىگىلىرىگە رەھمەت، — دېدى ئالىم پەرىدەنىڭ باشلىرىنى سىلاپ. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچىدى، بىراق دېيەلمەي، لەۋلىرى تىترىگىنىچە تۇرۇپ قالدى...

بۇ يەرگە توپلانغانلارنىڭ قەلبى ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى.



# خەتەردىن قۇتۇلۇش

يەكشەنبە، ھاۋا ئوچۇق. ھەيدەر تالادا ئويناپ ئۆيگە كىردى ـ دە، چۈشلۈك تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېدى، ئاندىن ئاپىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ چوڭ كوچىدىكى ماشىنىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆزىنى يولنىڭ چېتىگە ئالدى. يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بىر ـ بىرىدىن تېز ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇس ۋە مىنىبۇسلارنى كۆرۈپ، چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ماشىنىغا چۈشۈپ بارغۇسى كەلدى، بىراق پۇلى يوق ئىدى.

ھەيدەرنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيى ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىدە بولۇپ، ئۇ يەرگە يېرىم سائەتلەردە بارغىلى بولاتتى. ئۇ يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئالدىدىكى يان كوچىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئۇزۇن تار كوچا ئارقىلىق چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ مانا شۇنداق ماڭغاندا چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يىگىرمە مىنۇتلاردا بارالايتتى.

ھەيدەر يولدا كېتىۋاتقاندا بۇرنىغا يېقىن ئەتراپتا سېتىلىۋاتقان مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز، سامسا ـ كاۋاپلارنىڭ پۇراقلىرى ئۇرۇلدى. ئۇ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭدىن خەجلەشكە پۇل ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ھەيدەر قەدەملىرىنى تېز ـ تېز ئېلىپ، ئۇزۇن تار كوچىنىڭ ئاخىرى بىلەن چوڭ يولغا ئۆتتى. بۇ كوچىدىمۇ ماشىنا، ۋېلىسىپىتلەر كۆپ بولۇپ، ياياق يول يۇرۇۋاتقانلار ئاز ئىدى. ئۇ ئانچە ئۆتمەيلا ئاپتوبۇس بېكىتىگە يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا كىمدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«قارا!» دېگەندەك قىلىپ قالدى. ئۇ دەرھال يەرگە قارىدى. ئالدىدىلا پۇل تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يورۇپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ھېچنېمىگە قارىماي ئېڭىشىپ يەردە ياتقان پۇلنى ئالدى - دە، سىقىملاپ تۇتۇۋالدى، ئاندىن يان - يېنىغا ئاستا قاراپ قويدى، ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ چەت - بۇ چەتتىكى كىشىلەر ھېچنېمە بىلەن كارى يوقتەك ئالدىراش يۈرۈشەتتى.

ھەيدەر بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋېلىپ قولىدىكى پۇلغا كۆز يۈگۈرتتى: ھەممىسى ئون سوملۇق، يېڭى پۇللار ئىكەن. كېتىۋېتىپ پۇلنى ساناپ، ئۇنىڭ ئوتتۇز سوم ئىكەنلىكىنى بىلدى. دەرھال ئۇ پۇلنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. كۆڭلىدە ئۇ پۇل تېپىۋالغىنىغا خۇش بولسىمۇ، ئۆيگە بارغاندا ئۇنى نەگە قويۇشنى بىلمەيتتى. چۈنكى، ئاپىسىنىڭ «قولياغلىقىڭنى يۇيۇپ قوياي!» دەپ يانچۇق ئاختۇرۇپ قالىدىغان ئىشى بار ئىدى. شۇڭا، ھەيدەر بۇ پۇلنى ئۆزى ياتىدىغان كارىۋاتتىكى كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ شۇ ئوي - خىيال بىلەن چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە قانداق بېرىپ - كەلگىنىنى تۇيماي قالدى...

— ھوي، بالام، بىردەمدىلا بېرىپ كەپسەنغۇ؟ چوڭ ئاپاڭلار تىنچلىقمىكەن. مەن دېگەن نەرسىنى ئالغاچ كەلگەنسەن؟ — دېدى ھويلىدا ئارغامچىغا كىر يېيىۋاتقان ئاپىسى ئوغلىنى كۆرۈپ، — مانا ھازىر چاي قىلىپ بېرەي، ئۆيگە كىرىپ دەم ئېلىپ تۇر!

— ئاپا، ئالدىرىما، ئىشىڭنى قىلىۋەر. مەن چوڭ ئاپاملارنىڭ ئۆيىدە تاماق يەۋالدىم، شورپا ساپتىكەن. ئۆيگە كىرىپ دەرسىمنى ئوقۇغاچ تۇراي. سەن دېگەن نەرسە مانا، — دېدى ئۇ قولىدىكى قەغەز بولاقنى كۆرسىتىپ.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياقتى. ئىشىككە قاراپ يانچۇقىدىن پۇلنى ئالدى. پۇلنى يەنە بىر قېتىم ساناپ كۆرگەندىن

كېيىن، يولدا ئويلىغىنى بويىچە كارىۋىتىدىكى كۆرپىنىڭ ئاستى-
غا تىقىپ قويدى. كۆڭلى بىر ئاز تىنىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىش-
لەشكە كىرىشتى، تېلېۋىزورمۇ كۆرمىدى. خېلىدىن كېيىن ئا-
پىسىغا: «ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ!» دەپ، ئادەتتىكىدىن بىر - ئىك-
كى سائەت بۇرۇن يېتىۋالدى، بىراق ئۇخلىيالمىدى. خىيالىغا
يولدىن تېپىۋالغان پۇل كىرىۋالغانىدى. كاللىسىغا ھەر خىل
ئويلار كەلدى: «ئەڭ ياخشىسى، ئەتە مەن بۇ پۇلنى مۇئەللىمگە
تاپشۇرۇپ بېرەي! ئاڭلىغانلار مەندىن خۇش بولىدۇ، يۈزۈممۇ
يورۇق بولىدۇ...» ھەيدەر شۇنداق ئويلىدىيۇ، پىكرى بىر تو-
گۇچكە كەلمىدى. ئۇ يەنە خىيال سۈردى: «مەن بۇ پۇلنى يا
تاپشۇرۇپ بېرىشىم كېرەك، يا بولمىسا خەجلىۋېرىشىم كېرەك،
ئىككىنىڭ بىرى» دېگەن يەرگە كېلىپ، بۇ ئوينى ئەتىسى دوس-
تى قېيۇمغا دەپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماقچى بولدى...

ھەيدەر مەكتەپتىن يانغاندا دەرەخلەر يەرگە سايە تاشلاپ، ھاۋا سالقىنلاپ قالغانىدى. كۆكتىكى پارچە بۇلۇتلار ئاستا شەرققە قاراپ سۈرۈلەتتى. ئۇ ئۆيگە قايتماي ئۇدۇل قېيۇملارنىڭ ئۆيىگە باردى. قېيۇم ئەمدىلا مەكتەپتىن كېلىپ تۇرۇشى ئىكەن. ئۇ سىرتتا ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ھەيدەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئىككىسى دەرۋازا ئالدىدا بىردەم پاراڭلىشىپ تۇردى - دە، بازارغا ماڭدى. ئۇلار كىنوخانا ئالدىدا تويغۇچە كاۋاپ يەپ، بىللە قايتىشتى.

— ھەيدەر، بۈگۈن بەك باي بولۇپ كېتىپسەنمۇ نېمە؟ — دېدى يېنىدا كېتىۋاتقان دوستى قېيۇم، — مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ كاۋاپقا تويغۇزدۇڭ. بۇنچە پۇلنى ساڭا كىم بەردى؟ داداڭمۇ ياكى ئاپاڭمۇ؟

— دادامۇ، ئاپامۇ ماڭا مۇنداق كۆپ پۇل بەرمەيدۇ.

— ئەمىسە بۇ پۇلنى نەدىن ئالدىڭ؟ — گۇمانلىنىپ قالدى قېيۇم.

— مەن ساڭا راستىنى ئېيتاي، ئاداش، — دېدى ھەيدەر ئاستا ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، — يولدىن تېپىۋالدىم.
— قانچە پۇلكەن؟
— كۆپ ئەمەس. ئەسلىدە بۇ پۇلنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرەي دېۋىدىم، تاپشۇرۇپ بەرگۈم كەلمەي، سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىشنى لايىق كۆردۈم. بوپتۇمۇ؟!
— تاپشۇرۇپ بەرمىگىنىڭمۇ بوپتۇ. سەن پۇلنى ئوغرىلىۋالمىغاندىن كېيىن خەجلەۋەرمەمسەن؟ بىرەرى بۇ پۇلنى نەدىن ئالدىڭ دېسە، «نەدىن ئالاتتىم، تېپىۋالدىم» دەپ يۈرۈۋەر، — قېيۇم ھەيدەرگە يان بېسىپ، ئۇنىڭ تەشۋىشىنى تۈگىتىشكە يەل بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىردەم بازار ئايلاندى.
كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەيدەرنىڭ تېپىۋالغان پۇلىمۇ تۈگىدى. بىر كۈنى ئۇ مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا دادىسىدىن پۇل سورىدى. دادىسى: «پۇلنى شەنبە كۈنى بېرىدەن، ئوقۇشۇڭنى ياخشى ئوقۇ!...» دەپ ئوغلىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئاپىسى ئۆيدىن بىر سوم پۇل ئاچىقىپ ھەيدەرگە سۇندى. ئۇ ئاپىسىنىڭ قولىدىكى پۇلنى كۆرۈپ: «بۇ پۇلۇڭغا نېمە كېلىدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ دومسايدى - دە، سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە مەكتەپكە كېتىپ قالدى.
بۈگۈن ھەيدەر ئۆيگە ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق كەلدى. ئۇ مۈرىسىدىكى سومكىسىنى ئېلىپ كارىۋاتقا تاشلىدى - دە، تورۇبىنىڭ جومىكىدىن سۇ ئىچتى. ئاپىسى ساراي ئۆيدە ئىش قىلىۋاتاتتى. ھەيدەر ئاڭلانغۇدەك قىلىپ:
— ئاپا، چېيىمنى قىلىپ بەر، دەرسىمنى ئوقۇيمەن. ئەتە چارەكلىك ئىمتىھانىمىز باشلىنىدۇ، — دېدى ئاپىسىغا قاراپ.
تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ خەۋەردىن ھەيران بولغان ئاپىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيدەرنىڭ چېيىنى تەييارلاشقا كىرىشتى. ھەيدەر چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى دادىسىنىڭ ئۈستىلىنىڭ

ئوچۇق قالغان تارتمىسىغا چۈشتى. ئۇ تارتمىغا يەنە نەزەر سالدى. دادىسىنىڭ ئاچقۇچلىرى تارتمىنىڭ قۇلۇپىغا سېلىقلىق پېتى تۇراتتى. ھەيدەر دائىم دادىسىنىڭ ئۇستەل تارتمىسىنى ئېتىپ، ئاچقۇچلارنى ئۆزى ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. «دادام بۈگۈن بۇ ئاچقۇچلارنى نېمىدەپ ئۇنتۇپ قالغاندۇ؟»

ھەيدەر تارتمىنى تارتىپ باقتى، تارتما ئېتىك. ئۇ ئاچقۇچنى بۇرىۋىدى، تارتما قۇلۇپى ئېچىلدى. تارتمىنى تارتىپ ئېچىگە قارىدى: تارتمىدا دەپتەر، قەلەم، ئىش قەغەزلىرى، ئۇلارنىڭ چېتىدىرەك يۈز سوملۇق، ئەللىك سوملۇق پۇللار تۇراتتى. ئۇ پۇللارنى كۆرۈپ بىرئاز تېڭىرقاپ قالدى. يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى... ئۇ تارتمىنى ئەسلىدىكىدەك قىلىپ يېپىپ قويدى، ئاندىن دەپتەرلىرىنى ئۇستەلگە قويۇپ، دەرسلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۆيگە ئاپىسى كىردى.

— دەرسىڭنى بەك ئوقۇپ كەتتىڭغۇ؟ ئۇيقۇڭ كەلگەن بولسا ئورنۇڭنى سېلىپ بېرەيمۇ؟

— ئورنۇمنى سېلىڭ، مەن يەنە بىردەم دەرس ئوقۇۋالاي، — دېدى ھەيدەر ئۇستەلدىن بېشىنى كۆتۈرمەي. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ يىغىلىپ مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇ دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيماي ئۇيقۇغا كەتتى...

ھەيدەر بۈگۈنكى ئىمتىھانلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆيگە گۈگۈم چۈشكەندە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسى ئېلىپ كىرگەن تاماقنى «قورسىقىم توق» دەپ يېگىلى ئۇنىمىدى. جۈمەكتىن چىنىگە بىرئاز سۇ چۈشۈرۈپ ئىچتى - دە، سومكىسىنى ئېلىپ دەرس ئوقۇشقا تەرەددۇتلاندى. دادىسى ئۆز خانىسىدا نېمىنىدۇر كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ دالان ئۆيدە دەرس ئوقۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى يېنىغا چاقىردى:

— ھەيدەر، بۇ يەرگە كىرە، دەرس ئوقۇماقچىمىدىڭ؟ — سورىدى دادىسى.

— ھە، ئەتىمۇ ئىمتىھانىمىز بار، تەييارلىق قىلىمەن.

— بۈگۈن نېمىدىن ئىمتىھان بەردىڭ؟

— ئالگېبرا بىلەن خەنزۇچىدىن.
— قانداقراق بەردىڭ؟
— ياخشى بەردىم.
— ئەتىچۇ، ئەتە نېمىدىن ئىمتىھان بېرىسەن؟
— تىل - ئەدەبىيات بىلەن سىياسەتتىن.
— بۇ دەرسلەرنى بىلەمسەن؟
— بىلىمەن. بايا مەكتەپتىمۇ بىر ئاز ئوقۇۋالدىم.
— سورىسا توغرا جاۋاب بېرەلەيدىكەنسەن - دە؟
— بېرىمەن.
— ياخشى. توغرا جاۋاب بەرسەڭ ھەممە خۇش بولىدۇ، ئۆزۈڭنىڭمۇ كۆڭلى يورۇپ قالىدۇ، — دېدى دادىسى گەپنى مەنىلىك قىلىپ، — ئەمىسە مەنمۇ سەندىن بىر سوئال سوراپ باقاي، توغرا جاۋاب بېرەلەمسەنكىن؟
— بېرىمەن، — دېدى ھەيدەر دادىسىنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ.
— بۇ يەردىن پۇل ئالدىڭمۇ؟ — دېدى دادىسى بىر دىنلا ئۇستەل تارتمىسىنى كۆرسىتىپ.
— ياق...
— تارتمىدا پۇل بار ئىدى. ساناپ باقسام كەم چىقتى. ئاپاڭدىن سورىسام ئالمىدىم دەيدۇ. سەنمۇ ئالمىدىم دەيسەن. بۇ ئۆيگە ئۈچىمىزدىن باشقا ھېچكىم كىرمىسە، بۇ پۇلنى كىم ئالىدۇ؟
— ...
— بايىلا سەن سوئالىمغا توغرا جاۋاب بەرمەكچى ئىدىڭغۇ؟ مېنىڭ بۇ سوئالىمغا توغرا جاۋاب بېرىشكە تەييارلىق كەتمەيدۇ، پەقەت راستچىللىقلا لازىم. شۇنداق قىلساڭ جاۋابىڭ توغرا بولىدۇ.
ھەيدەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر تەپچىشكە باشلىدى. پۈت - قوللىرى بوشىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئاستا يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، دادىسىنىڭ قەھرلىك چىرايىغا قارىدى - دە،

تەنلىرى شۈركۈنۈپ، بېشى تېخىمۇ پەسكە ئېگىلىشكە باشلىدى.

— گەپ قىل، ھەيدەر! — دېدى دادىسى بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ، — توغرا جاۋاب بەر! يالغان گەپ قىلغان ئادەمنى يامان كۆرىمەن.

ھەيدەر ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، دادىسىغا بىچارىلەرچە قاردى:

— دادا، مېنى كەچۈر؟ پۇلنى... مەن ئالدىم...

— قانچە پۇل ئالدىڭ؟

— ئەللىك سوملۇق پۇلدىن بىرنى.

— ئۇنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟

— ئىشلەتمىدىم، بار...، — ھەيدەر پۇلنى تىقىپ قويغان يېرىدىن ئېلىپ دادىسىغا بەردى.

— ھە، مانا ئەمدى توغرا جاۋاب بەردىڭ. ئەگەر توغرا جاۋاب بەرمەي، خاتالىقىڭدا چىڭ تۇرۇۋالغان بولساڭ، سورىماي پۇل ئالغان قوللىرىڭنى... بوپتۇ، بۇ قېتىم سېنى كەچۈردۈم. ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، دەرسىڭنى ياخشى تەييارلا! ئىمتىھاندا توغرا جاۋاب بېرىپ، ياخشى نەتىجە قازانغىن! — دېدى دادىسى ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە تەلەپچانلىق بىلەن تىكىلىپ.

ھەيدەر سومكىسىنى ئېچىپ، دەپتەر - كىتابلىرىنى ئېلىپ دەرس تەييارلاشقا ئولتۇردى. لېكىن، خىجىللىقتىن پوت - قوللىرى ئۆزىنى تۇزەپ ئولتۇرۇشقا ئەپلىشىپ بەرمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يولدىن تېپىۋالغان ۋە دادىسىنىڭ تارتمىسىدىن سوراقسىز پۇل ئېلىۋالغان چاغدىكى ئىشلار كېلىۋالدى. ئۇ يولدىن پۇل تېپىۋالغان چاغدىلا ئىككى يولنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىرنى تاللىماقچى بولغانىدى، بىراق ئىككىسىدىن توغرىسىنى ئەمەس، خاتاسىنى تاللاپ ئالغانلىقىنى ئەسلەپ پۇشايمان يېدى. گەرچە ئۇ دادىسىنىڭ سوئالىغا ئاخىرىدا توغرا جاۋاب بېرىپ، يېنىكلەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمدى قانداق قىلىپ خاتالىقىنى تۈزەشنى، ھەقىقىي ياخشى بالا بولۇشنى ئويلاپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن دەرس ئوقۇشقا بېرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆچۈللۈك دەملەر

قەيسەر يىللىق ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىن ئۈچىنچى يىللىقىغا كۆچۈش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ بۇنى ئويلىغىنىدا بويىمۇ ئۆسۈپ قالغاندەك سېزەتتى. يازلىق تەتىلگە چىقىشقا ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دادىسى: «ئوغلۇم، ئىمتىھانلىرىڭنى ياخشى بېرىپسەن. يېقىندا غۇلجىغا بارىمەن، سېنىمۇ بىللە ئالغاچ كېتەي، موماڭ-لارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ دەم ئېلىپ كەلگىن» دېدى. قەيسەر دادى-سىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دىللىرى يايراپ كەتتى. شۇ كۈنىلا ئۇ ساۋاقدىشى ئەركىنلەرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەركىن ئۆيىدە ئاپىسى بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار قەيسەرنى ئۇستەلگە تەكلىپ قىلدى. ئەركىننىڭ ئاپىسى: «ھازىر ئەركىن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ ئولتۇرغان، ھەر ئىككىڭلار ئىمتىھاننى ياخ-شى بېرىپسىلەر. مەنمۇ بەك خۇش بولدۇم. قېنى، چايغا قاراڭ بالام، مەن ئىشىمنى قىلاي» دېدى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئەر-كىن بىلەن قەيسەر قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. پاراڭ ئارى-سىدا قەيسەر غۇلجىغا بارغاندا خەت يېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى...

«سالام، دوستۇم ئەركىن، قانداق ئەھۋالىڭ؟ يازلىق تەتىل كۈنلىرىڭ ياخشى ئۆتۈۋاتىدىغاندۇ؟ مېنىڭدىن ئەھۋال سورىساڭ ئۆزۈڭ كۆرگەندەك. مەن ساڭا ۋەدەم بويىچە بىرىنچى بولۇپ خەت

يېزىۋاتىمەن. دادام ئىككىمىز ئۈرۈمچى يولۇچىلارنى توشۇش بېكىتىدە سىلەر بىلەن خوشلىشىپ، يولغا چىققىنىمىزغا مانا بۈگۈن يىگىرمە كۈنچە بولۇپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا مەن كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ، جىق تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم.

بىز سەن كۆرگەن يۇمشاق كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس بىلەن غۇلجىغا قاراپ مېڭىپ، بىردەمدىلا ئەتراپى ھەيۋەتلىك، ئېگىز بىنالار بىلەن قاپلانغان ئۈرۈمچى شەھىرىنى كەينىمىزدە قالدۇرۇپ، كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالىغا چىقتۇق. ماشىنىمىز چەكسىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۈپتۈز ئاسفالت يول بىلەن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. شەھەر، بازار، ناھىيىلەر، دادامنىڭ ئېيتىشىچە، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخەنزە، ساۋەن، كۇيتۇن، شىخو، جىڭلارمۇ كەينىمىزدە قاپتۇ. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ماشىنىمىز ئۇتەي دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي ئاشخانا، ماگىزىن، مېھمانخانا ئىكەن. داداملار 1950 - يىللىرى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ماڭغاندا مۇشۇ ئۇتەيگە چۈشۈپ قونغانىكەن. ئۇ چاغدا بۇ يەر كىچىككىنە بىر ئۆتەڭ بولۇپ، ئارانلا بىرنەچچە ئۆيلۈك ئادەم ياشايتتىكەن. ئەتراپى قاقاسلىق، تاشلىق يەر ئىكەن. ھازىر بۇ يەرنى كۆرسەڭ بازارمىكىن دەپ قالىسەن. كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ كۆپلىكىچۇ تېخى؟ ئۆي - ھويلىلار، يول ئەتراپلىرى ئېلېكترلىشىپ، سەينالار ئاسفالتلىشىپ كەتكەن... دادام يول بويى ئۇ يەر، بۇ يەرنى كۆرسىتىپ، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرىپ تۇردى. ماشىنىمىز يەنە تۈز ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. يىراقتىن ناھايىتى چوڭ، كۆپكۆك سۇ كۆرۈندى. بۇ سايرام كۆلى ئىكەن. ئېسىڭدىدۇ، بۇ كۆلنى بىزگە جۇغراپىيە مۇئەللىمى تەسۋىرلەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەن زۇمرەتتەك تىنىق بۇ كۆلدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم. ئۇ يېنىك ئۆركەشلەپ، ئاپئاق بۇژغۇنلارنى ھاسىل قىلىپ بىزگە ئۆزىنىڭ قىزغىن

تەبرىكنىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك سېزىلدى. بىز خېلىغىچە سايرام كۆلىنى بويلاپ مېڭىپ، كۆككە بوي سوزۇپ تۇرغان تاغنى بېغىرلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدۇق. شۇ چاغدا تاغنىڭ تۆۋىنىدىكى يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلار گويا قوڭغۇزدەك، ئادەملەر بارماقتەك كۆرۈندى. قارىساڭ، بىر تەرىپىڭ ياپيېشىل قېيىن، قارىغايلار بىلەن قاپلانغان چەكسىز ئېگىز تاغ، يەنە بىر تەرىپىڭ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر هاڭ. قۇلىقىڭغا ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىدىن باشقا يەنە نەدىندۇر هەيۋەتلىك، سۈزۈك تاغ سۈيىنىڭ شارقىرىشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يېنىمىزدىكى ياشاڭغانلار پەسكە قاراپ ياقىلىرىنى تۇتۇپ، نېمىلەرنىدۇر ئىچلىرىدە ئوقۇيدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا بۇ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىدىن هۇزۇرلىنىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشىدۇ. مەنمۇ تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەل، سىرلىق بۇ مەنزىرىلەردىن هەيران بولۇپ، يىراق - يېقىنلارغا كۆز تاشلايمەن. بىر چاغدا ماشىنىمىز پەسلەپ مېڭىپ كەڭسايدىن چىقتى. يەنە باراقسان، ئاۋات مەهەللىلەر، قايناق بازارلار... بىز ئەتراپى بۈككىدە دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان قورغاس ناهىيىسىدىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەهرىگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كۆزۈم كەڭرى ئاسفالت يولدا، ۋۇجۇدۇم بىر خىل هاياجاندا... بىردىنلا دىققىتىمنى دادامنىڭ ئاۋازى بۆلدى: غۇلجىغا كەلدۇق! ... پاھ، بىزنى ئاۋات، گۈل پۇراپ تۇرىدىغان، گۈزەل شەهەر قوينىغا ئالغانىدى.

يەرگە قاراڭغۇ چۈشكەندە بوۋاملارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردۇق. مومام دەرۋازىدىن كىرىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ: «هوي، بالام كېلىپ قاپتىغۇ!»، دېگىنىچە قولىدىكى نەرسىنى تامغا يۆلەپ، مېنى باغرىغا باستى، يۈزلىرىمگە سۆيدى. بوۋام، كىچىك دادام ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ ئەتراپىمىزغا ئولاشتى.

ئەركىن، خېتىم ئۈزۈراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا باشقا گەپلەرنى قويۇپ، بىر ئەهۋالنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي: كىچىك دادامنىڭ

مەن دېمەتلىك ئوغلى زاكىر مېنىڭ غۇلجىغا كەلگىنىمدىن خۇش بولۇپ، ماڭا يېقىنلىشىپلا كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇش، تۇرمۇش ۋە باشقا پائالىيەتلىرىمگە قىزىقىپ سوئال دېگەننى ياغدۇرۇپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا بىلىشىمچە جاۋاب بەردىم. زا-كىرمۇ بىزگە ئوخشاش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىكەن. گەپلىرىگە قارىغاندا، سىنىپ بويىچە ئەلا-چىدەك قىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات دەرسىگە قىزىقىسا كېرەك، ئۆزى يازغان بىرقانچە شېئىر ۋە نەسىرلىرى بار ئىكەن. شۇلاردىن بىر - ئىككىنى ئوقۇپ بەرگەنىدى، ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ يازغانلىرى بىز گېزىت - ژۇرناللاردا كۆرگەن شېئىر، نەسىرلەردىن قېلىشمايدۇ دېسەم ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن.

دادام خىزمىتى بولغاچقا ئالدىنقى كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتتى. مومام زاكىر بىلەن ئىككىمىزنى يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى. بىزنى بۇ يەردىكى تۇغقانلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. كۈندە باغقا كىرىپ ئوينايمىز ياكى مەھەللىلەرنى ئارىلايمىز. باغلاردىكى مېۋىلەرنىڭ تولىلىقىدىن، رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ چى-رايلىقلىقىدىن كۆزلىرىم چاقناپ كەتتى. مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنىڭ، باغ ۋە ھويلىدىكى گۈللەرنىڭ، سالقىن، ساپ ھاۋا-نىڭ ھىدلىرىدىن يۈرەكلىرىم ھوزۇر - ھالاۋەتكە تولغاندەك بول-دى. يازنىڭ نەغمىچى قۇشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ بۇلبۇللارنىڭ چا-ڭىلداپ سايراشلىرىچۇ تېخى! زاكىرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلبۇل ھەر خىل ياڭزا چىقىرىپ سايرايدىكەن. سانىسا قىرىق خىلدىن ئاشقۇدەك. بۇلبۇل قانداق بولىدۇ دېسەم، زاكىر: «قۇشقاچقا ئوخشاپ كېتىدۇ»، دېدى ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ. مەن بۇلبۇل-نى كۆرمەك تۈگۈل، سايرىغىنىنىمۇ ئاڭلىمىغانلىقىمنى ئېيتى-سام، زاكىر ۋە باشقا باللار كۈلۈشتى.

مەن ئۇلار بىلەن باغلاردا بىللە سەيلە قىلىپ، مېۋە يېگۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلسە شاخلىرىدىن ئۈزۈپ يەپ، ئىسسىپ كەتسەك سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىدۇق. بىر كۈنى مەن مېۋە يەۋېتىپ: «ئۈمرۈمگە كېلىپ مېۋىنى شېخىدىن ئۈزۈپ يەپ باقماپتىكەنمەن. غۇلجىغا كېلىپ يېدىم» دېسەم، يېزىلىق تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى مەھەممەتئەلى: «ئۈرۈمچى بازارلىرىدا مېۋە تولا دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟» دېدى. مەن ئۈرۈمچىدىكى مېۋىلەرنىڭ باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن كېلىدىغانلىقى، قۇلۇپنىك، ئالما، ئۈزۈملەرنىڭ ئەمدىلەتتىن بازارغا كىرىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

بىز يېزىغا چىققان ۋاقىتلار دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتى ئىكەن. ھەممە ئادەم دېگۈدەك خاماندا. مەھەممەتئەلى بىزنى دەپ خامانغا چىقمىدى. ئۆتكەن كۈنى ئۇ زاكىر ئىككىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزلىقىغا ئاپاردى. چوڭلار خامان تېپىۋېتىپتىدكەن، بىز بېرىپ خاماننى كۆردۇق. خاماندا بۇغداي باغلىرى ئاسمان - پەلەك دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. مەھەممەتئەلىنىڭ دادىسى ماڭا قاراپ: «تولۇق ھەيدەمسەن؟» دېدى. قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىمدىن قورقۇپ ئۇنىمىدىم. باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەھەممەتئەلى تولۇق ھەيدەشكە بەك ئۇستا ئىكەن. ئۇ ھەتتا ئورما ئورۇش، باغلىق ئېتىش، باغ باغلاش، چەش، مەڭگەن ئايرىش، خامان سورۇشلارنىمۇ بىلىدىكەن. ئۇنىڭ يازلىق تەتىلى ئاساسەن دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن، باشقا ۋاقىتلىرى ئوقۇش بىلەن ئۆتىدىكەن. مەھەممەتئەلى بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا كۆچۈپتۇ. مەن دېھقان تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئىش - ئەمگەكلىرىنى كۆرۈپ، ئاق ناننىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى خېلى چۈشىنىپ قالدىم... تەڭتۇش تۇغقىنىم مەھەممەتئەلىگە ئىچ - ئىچىمدىن قايىل بولدۇم.

ئەركىن، بىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تاغقا چىقماقچى. ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمنى ۋە باشقا گەپلەرنى ئۈرۈمچىگە قايتقان چېغىمدا سۆزلەپ بېرىمەن. خېتىمنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە توخ-

تىتاي. مۇمكىن بولسا خەت يازارسەن. خەيرخوش!
تېنىڭگە سالامەتلىك، ئىشلىرىڭغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمەن.
ساۋاقدىشىڭ: قەيسەر
2001 ـ يىل 20 ـ ئىيۇل، غۇلجا»

«سالام، دوستۇم قەيسەر، سالامەتمۇسەن؟ خېتىڭنى تاپشۇ-
رۇۋېلىپ، تەكرار ـ تەكرار ئوقۇپ چىقتىم. مەنمۇ غۇلجىغا
بارغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياز-
لىق تەتىلىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقان ئوخشايدۇ. مېنىڭمۇ بۇ يەر-
دىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىم ئالدىراش بولۇپ كەتتى. سەن بار
ۋاقتىڭدىكىدەك مەكتەپ پۇتبول كوماندىسىنىڭ مەشىقىغە قاتنى-
شىپ تۇردۇم. چۈنكى بۇ يىل كۈزدە ئۈرۈمچىدە بولىدىغان
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يې-
قىنلىشىپ قېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن يەنە سەن كېتىپلا باشقا
بىر ئىشقا قوشۇلۇپ قالدىم. ساڭا مەن بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى
سۆزلەپ بېرەي:
شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پاي-
دىلىنىپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبى بىلەن ئوقۇيالمىغان
ياكى ئوقۇشتىن قالغان مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنى يىغىپ ئوقۇ-
تۇشنى پىلانغا كىرگۈزگەنىكەن. شۇ پىلانغا ئاساسەن بىزنىڭ
مەكتەپ بۇ ئىشقا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنغا يېقىن بالىنى ياردەمگە
ئاجرىتىپتۇ. بىزنىڭ سىنىپتىن ھاشىر، ئادالەت ئۈچىمىز بار-
كەنمىز. بىز شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئىشقا رەسمىي كىرىشىپ
كەتتۇق. ئالدى بىلەن ئەھۋال ئىگىلەپ، خېلى كۆپ بالىلارنىڭ
ئوقۇش پۇلىغا قۇربى يەتمەي مەكتەپتىن توختاپ قالغانلىقىنى،
بەزى بالىلارنىڭ مەكتەپ يۈزى كۆرمەي ساۋاتسىز يۈرگەنلىكىنى
ئېنىقلاپ چىقتۇق. ھاشىر بىلەن مەن بەيگە مەيدانى ئەتراپىدىكى
ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا مەسئۇل بول-

دۇق. بۇ ئەتراپتا ساۋاتسىز باللاردىن يىگىرمە نەچچىسى بار ئىكەن. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۇچەي - قېرىن تازىلايدىكەن، بەزىلىرى سولىياۋ خالتا ساتىدىكەن، يەنە بەزىلىرى ئاياغ مايلايدىكەن... بىز ئۇلارنى تەسلىكتە يىغىپ، شۇ يەردىكى مەلۇم بىر ساخاۋەت ئىگىسى بوشىتىپ بەرگەن بىر ئېغىز ئۆيدە ئوقۇتۇشنى باشلىدۇق. دەسلەپتە بۇ ئىشقا ئاتا - ئانىلارلا ئەمەس، ھەتتا باللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ: «ئوقەت قىلمىساق بولمايدۇ، ئىقتىسادىمىز يېتىشمەيدۇ»، دەپ ئۇنىمىغانىدى. نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەش، تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى بىز ئاچقان كۇرستا ئوقۇشقا كۆندۇردۇق، ئاتا - ئانا، تۇغقانلىرىمۇ ماقۇل بولدى.

بۇ ئىشىمىزنى ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە شۇ تەۋەدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلار قوللىدى. بىز شۇلار ئىئانە قىلغان پۇللارغا دەپتەر، كىتاب، قېرىنداش ئېلىپ، ئوقۇشقا جەلپ قىلىنغان ئاشۇ باللارغا تارقىتىپ بەردۇق. 10 - ئىيۇلدىن باشلاپ ئوقۇتۇشنى باشلىۋەتتۇق. ئوقۇش ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن تۆت سائەت داۋام قىلىدۇ. مەن ساۋاتى يوق باللارغا دەرس ئۆتىمەن. ھاشىر ئاز - تولا ئوقۇغان، ساۋاتى چىققان باللارغا دەرس ئۆتىدۇ.

ئوقۇتۇشنى چۈشتىن كېيىن ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى سەۋەب، بەزى باللار ئۆيدە ئۆكىلىرىغا قارايدىكەن. بەزى باللار يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك قۇشخانىدا ئۇچەي - قېرىن تازىلاپ پۇل تاپىدىكەن. ئوسمان ئىسىملىك بىر بالا ماڭا مۇنداق دەپ بەردى: «مەن بۇ يىل ئون ئىككى ياشقا كىردىم. دادام كىچىك چېغىمدا تۇگەپ كېتىپتىكەن. ئاپام كىشىلەرنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ مېنى چوڭ قىلدى. ئىككى يىلچە بولدى ئاپام ئاغرىق. مەن ھەر كۈنى سەھەردە — سائەت ئىككى - ئۈچلەردە قۇشخانىغا كېلىپ، ئۇچەي - قېرىن تازىلايمەن. شۇنىڭدىن كىرگەن پۇلدىن باشقا بىزنىڭ كىرىمىمىز يوق. شۇڭا مەن ئوقۇيالماي، مۇشۇنداق ساۋاتسىز بولۇپ قالغان، — ئۇ كۆزلىرى نەملەنگەن ھالدا يەنە

مۇنداق دېدى، — سىلەر ماڭا بەك غەمخورلۇق قىلدىڭلار. ئەمدى كۆزۈم ئېچىلىۋاتىدۇ. چوقۇم ياخشى ئوقۇپ ئاپامنىمۇ، سىلەرنىمۇ خۇش قىلىمەن...»

بىز تەشكىلنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، بۇ بالىلارنىڭ خەت ساۋاتىنى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چىقىرىپ بولۇشنى بەلگىلىدۇق. هازىر ئوقۇش قىزغىن داۋاملىشىۋاتىدۇ. بىرمۇ بالا بىرەر قېتىم ئوقۇشتىن قالغىنى يوق.

قەيسەر، مېنىڭ يازلىق تەتىل كۈنلىرىم ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋاتىدۇ. شۇڭا دەم ئېلىش كۈنلىرىم زېرىكىشلىك ئەمەس، بەلكى مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ... ساڭا دەپ بېرىدىغان گەپلىرىم جىق ئىدى. بىراق، خېتىم بەك ئۇزىراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قالغان گەپ - سۆزلەرنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن چېغىمدا سۆزلەپ بېرەي. هازىرچە خوش!

تېنىڭنىڭ ساغلام بولۇشىغا، تەتىل كۈنلىرىڭنىڭ كۆڭۈللۈك، خۇشال ئۆتۈشىگە تىلەكداشمەن.

سىنىپدىشىڭ: ئەركىن

2001 - يىل 10 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى»

**图书在版编目(CIP)数据**

我们巷子里的孩子们/吐尔逊买买提著.—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2006.10
ISBN 978—7—5371—5617—2

Ⅰ.我...Ⅱ.吐...Ⅲ.儿童文学—故事—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第123720号

责任编辑:艾尼瓦尔·艾山
责任校对:迪力亚尔·吐尔逊
封面设计:祖力皮哈尔·玉素甫

**我们巷子里的孩子们**(维吾尔文)
(儿童故事集)
**吐尔逊买买提·帕合尔丁 著**

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 4.5印张
2006年10月第1版 2010年3月第3次印刷
印数:6001—7400

---

ISBN 978—7—5371—5617—2 定价:8.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : زۇلپىقار يۈسۈپ



# بىزنىڭ كوچىنىڭ بالىلىرى

ISBN 978-7-5371-5617-2

9 787537 156172 >

باھاسى : 8.00 يۈەن